دەۋرىمىزدىكى شىنجاڭلىقلار

# ئەقىدە

( ئەدەبىي ئاخباراتلار )

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئەمەت
ئاپتورى: نۇرنىسا ئوسمان



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## ئاخباراتقا بېغىشلانغان ھايات

مۇقەددىمە ........................................2
مۇخبىر ئايالنىڭ بىر كۈنى........................................4
ئاق سېكىلەك............................ ............11
خىزمەت سەۋداسى............................ .........17
نىۋ ناننىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى................................29
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى باشلامچى............. .34
ئارغىماق ئۇزۇن يولدا سىنىلىدۇ................................41

## ئۇلۇغلۇق ھىممەتتىن تاپىدۇ بېزەك

خاسىيەتلىك قار........................................46
ئايزىبانىڭ يېڭى قىسمىتى........................................58
ئەلنىڭ بالىسى........................................66
ئەل سۆيگەنلەر........................................82

## ئەقىدە

يېزىغا باغلانغان رىشتە........................................88
چاكار............................ ..........................94

ۋاڭ يەنلىنىنىڭ يېڭى تۇغقانلىرى.......................103
ئەقىدە......................................................114
خاتىمە......................................................131

# ئاخباراتقا بېغىشلانغان ھايات




— ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس چيەن خەييەن ھەققىدە

## مۇقەددىمە

زېمىنىمىز ئاجايىپ ھەيۋەت، تاغ - دەريالىرى، شېرىن - شېكەر مېۋىلىرى، گۈل - چېچەككە تولغان باغ - بوستانلىرى بىلەن شۇنچە گۈزەل بولغان بولسا، مۇشۇ زېمىننى گۈللەندۈرۈۋاتقان پەخىرلىك ئوغلانلىرى بىلەن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەستۇر. بۇ ئوغلانلارنىڭ بەزىلىرى ئادەم ھاڭ - تاڭ قالغۇدەك ھاياتلىق ئىزنالىرى بىلەن بۇ زېمىنغا تۇرلۇك ھېكايەتلەرنى قالدۇرغان بولسا، بەزىلىرى ئۆمرىنى جىمجىت، شاۋقۇنسىز، شىر - شىر ئېقىپ ھاياتلىق گۈلشىنىنىڭ چاڭقاقلىقىنى قاندۇرۇۋاتقان كىچىك ئېقىندەك ئۆتكۈزۈپ، ئادىمىيلىك مىزانى بىلەن ياشاپ، مۇھتاجلارنى داۋراڭ سالماي يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ، ھاياتلىق دەقىقىلىرىنى تىمتاس داۋام ئېتىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئەسىرىمنى ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىنى ئۈن - تىنسىز يېڭىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەر - بىر قەدىمىنى مەنىلىك بېسىۋاتقان ئاشۇ ئاددىي كىشىلەرگە بېغىشلايمەن.

چۆلتاغ ئىسمى - جىسمىغا لايىق شېغىل ۋە توپىدىن تەركىب تاپقان قاقاس تاغ. ئۇنىڭ گىياھ ئۈنمەس قاتمۇقات چوققىلىرى، تۆپىلىكلىرى، ئېدىرلىقلىرى، بۇ ئۇلۇغ زېمىندىكى ئەۋلادلارنىڭ ساناقسىز ھېكايىسىگە شاھىت بولۇپ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. چۆلتاغ باغرىدا شىمالدىن جەنۇبقا ئەگرى - بۈگرى ئېقىۋاتقان ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى بۇ قۇۋم ئاق كۆڭۈللۈكى، مەردلىكى، سېخىيلىقى ۋە بىر - بىرىگە بول-

غان ۋاپادارلىقى بىلەن ئەل ئىچىدە تەرىپلىنىپ كەلگىنىدى ئۇزاق بولدى. مەن ئەل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئەل بىلەن بىرگە بۇ مۇقەددەس زېمىننى كۆكلىتىۋاتقان شۇ ئۇلۇغ كىشىلىرىمىزنىڭ ئاددىي، ئەمما مەنىلىك ھايات ئىزنالىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن.

# مۇخبىر ئايالنىڭ بىر كۈنى

7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ھاۋا ئەتىگەندىلا شۇنداق دىـ
ـمىق ۋە ئىسسىق. يولدا ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان كىچىك
ماشىنا، موتوسىكلىتلار كەنت ئىچىدىن چىقىپ، چەترەك يول
بويىدىكى كەڭ كەتكەن كېۋەزلىك بويىغا كېلىپ توختىدى،
چۈنكى بۈگۈن بۇ يەردە كېۋەزنى پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا نەق





مەيدان يىغىنى ئېچىلاتتى. كەلگەنلەر ئېتىز بويىدىكى قىرلار ـ
غا جايلىشىپ بولغۇچە، ئالدىنئالا كېلىپ ئۈلارنى كۈتۈپ تۇرغان
40 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ۋىجىككىنە، ئاق يىشماق، ئاددىي
كىيىنگەن بىر ئايال سىنئالغۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ، كەلگەنـ

لەرنى ئۇدۇللۇق سىنىغا ئېلىۋاتاتتى.

— ھەي - ھەي، چاقچاق قىلماڭلا دەيمەن. گېپىمىز ئاۋۇنىڭ ئاپپاراتىغا كىرىپ قالمىسۇن!

— ھەي، چاقچاقنى ئۆزۈڭلا باشلاپ بېرىسلەر.

— مانا سىنئالغۇغا چۈشتۇڭغۇ؟

— ھەي، مۇشتۇمدەك بىر قىز بالا يوغان بىر ئاپپاراتنى ھارۋىكەش قامچىسىنى ئويناتقاندەك ئوينىتىپ سۈرەتكە تارتىۋالىدىكەن، نېمە دېگەن قالتىس!

— شۇنى دەيمىنا، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئۇمۇ كىچىككىنە بىر قىز ئىدى، ئويلاپ باقسام، مەن مۇشۇنداق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۇ سۈرەتكە ئېلىپ ئۆتۈۋاتقىلى نۇرغۇن يىللار بوپتۇ. ھازىر مەن قېرىپ كەتتىم، لېكىن ئۇ يەنە شۇ پېتىم تۇرۇپتۇ. كۆردۈڭمۇ، يوغان ئاپپاراتنى مۈرىسىگە ئېلىپ دەلدەڭشىمەي تۇرغۇنىنى. ئۇ ئاپپاراتنىڭ ئېغىرلىقى ھېچبولمىغاندا 10 كىلوغۇ كېلە؟

— 10 كىلو كەلمەس.

— ئىشقىلىپ خېلى ئېغىر جۇمۇ.

ئېتىز قىرى ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ تۇرغانلار بىلەن تولدى. بىرھازادىن كېيىن ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ يىغىن باشلانغانلىقىنى جاكارلىشى بىلەن چاقچاقمۇ پەس كويغا چۈشتى. يىغىن نەچچە سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، يىغىن ئورنى كېۋەزلىكتىن كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا يۆتكەلدى. مەيلى ئېتىز بېشىدا بولسۇن، مەيلى كەنت ئىشخانىسىدا بولسۇن، سىنىغا ئېلىش ئوخشاشلا داۋاملىشاتتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىنئالغۇ يىغىشتۇرۇلۇپ، سومكىغا جايلاشتۇرۇلدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يىغىندىن قايتىۋىدى، يول يەنە ما-

شىنا، موتوسىكلىتلار بىلەن تولدى.

— ھەي، ئەخمەتجان! سەن ماۋۇ مۇخبىرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلە!

يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، سىنىئالغۇ كۆتۈرۈۋالغان ئايالنى ئولتۇرغۇزۇۋالغان كۈل رەڭ پىكاپ سوزۇپ سىگنال بەرگىنىچە ماشىنا ۋە موتوسىكلىتلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— قاراڭ سىزنى، كەچكىچە بۇ نەرسىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھارمىدىڭىزمۇ؟ يەنە بۇنى قۇچىقىڭىزغا ئېلىۋاپسىز، ياندا قويۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟ — دېدى 20 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى شوپۇر.

— ھە، ئۇ دېگىنىڭىزغۇ راست. لېكىن بۇ ئاپپاراتنى مۇشۇنداق يېنىمدا كۆتۈرۈپ ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ ئايال شۇنداق راۋان ئويغۇرتىلىدا.

— ۋاي - ۋۇي، ئاچا، يېنىڭىزغا قويۇپ قويغانغا بىر يەرلىرى سۇنۇپ كەتمەيدۇ، ئۇ ئەتىۋارلىق نەرسىڭىزنىڭ، تولىمۇ جاپاكەش ئىكەنسىز.

— شۇنداق، مەن ئاشۇنداق جاپاكەش. ھە، مانا بولدىمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاپپارات سېلىنغان سومكىنى يېنىغا قويۇپ قويدى، — ماشىنىنى سىلىق ھەيدىمەي ئاپپارات بۇزۇلسا، تۆلەيدىغانغا 100 نەچچە مىڭ يۈەنىڭىز بارمۇ؟...... بۇ دېگەن چەتئەلنىڭ ئاپپاراتى جۇمۇ!

— ۋاي ئانىمەي، قورقۇتمىڭە ئادەمنى. غەم قىلماڭ، ھازىر بۇرۇنقى داققۇ - دۇققاڭ يوللىرىمىز يوق. يول بەكلا ياخشى، كۆرۈۋاتقانسىز؟ بۇنداق بەلەن يولدا رول تۇتمايمۇ ھەيدىگىلى بولىدۇ، — شوپۇر رولنى قويۇپ بەرگەننى دورىدى.

— ھەي - ھەي...... نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — ئايال يەنە كاپ-پىدە سومكىنى كۆتۈرۈۋالدى.

— ھا - ھا - ھا!— ماشىنا ئىچىدە بىردەم كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئاچا، مەن كىچىك ۋاقتىلىرىمدا، سىزنىڭ مۇشۇ نېمە-ڭىز بىلەن سۈرەتكە تارتىپ، مۇخبىرلىق قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى كۆرەتتىم. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭغا خېلى بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىڭىزغا قانچە يىل بولدى؟

— 30 يىل بولاي دېدى.

— نېمە؟ ۋاي ئانىمەي، سىزنىڭ مۇخبىرلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىز، مېنىڭ يېشىمدىنمۇ ئۇزاقكەن......

— شۇنداق، بالاڭزا، — ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېيىشكە تەمشى-لىۋاتقاندا تېلېفونى سايراپ ئۇلارنىڭ پاراڭنى ئۈزۈپ قويدى.

— ۋەي، ھە بالام، مەكتەپتىن كېلىپ بولدىڭىزما؟ سىز ھا-زىر نەدە؟...... سىز ئۆيگە كىرىپ ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا با-رىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، باشقا بىر سىگە تېلېفون قىلىپ، تېلېفوننى قولىقىغا تۇتتى.

— ۋەي، نى نى مەكتەپتىن كەپتۇ، سىز تېزرەك قايتىپ كەلسىڭىز. مەن يولدا كېتىۋاتىمەن، سەل ھايالشىپ قالىدىغان-دەك تۇرىمەن. مەن ئىشخانىغا بېرىپ، بۈگۈنكى يىغىن ھەققىدە ماقالە يېزىپ، ئەتە ئەتىگەنگىچە ئۆلگۈرتمىسەم بولمايدۇ. نى نى ئىككىڭلار قورسىقىڭلارنى تويدۇرۇۋېرىڭلار، مېنى تاماققا ساق-لىماڭلار.

— سىز ئۆيىڭىزگە بارماي مۇشۇ كەچتە ئىشخانىدا ئىشلە-مەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى شوپۇر يىگىت ھەيرانلىق بىلەن.

— شۇنداق، ئۇكام. بۇگۈن تارتقان سىن كۆرۈنۈشلىرىنى رەتلەپ، يىغىن مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ماقالە يېزىپ، بىر سان فىلىم ئىشلەپ بولغۇچە يېرىم كېچە بولارمىكىن.

— ۋاي ئانىمەي، نېمانداق ئىشىڭىز تەس سىزنىڭ!

— سىز ئاسانمىكىن دېگەنما؟

— مەن تېخى سۈرەتكە تارتىپ بولۇپلا باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتسە، ئىش تۈگەيدۇ دەپتىكەنمەن.

— نەدە ئۇنداق ئوڭاي ئىش باركەن؟ ئۆزىمىز قاتناشقان خەۋەرگە باشتىن - ئاخىر ئۆزىمىز مەسئۇل بولمىساق بولمايدۇ، ئۇكا.

— يائاللا، مېنىڭ ماۋۇ جانىۋىرىمنى ھەيدىمەك ئوڭايكەن جۇما ئەمىسە!

ئۇلار شۇ پاراڭلار بىلەن «توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» دەپ يوغان ۋىۋىسكا ئېسىلغان دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

مۇخبىر ئايال ھارغىن قەدەملىرى بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ، يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، كومپيۇتېرنى ئاچتى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى سېزىپ، ئىشكاپلىرىنى ئاختۇرۇۋىدى، قولىغا قاچانقى بىر ۋاقىتلاردا سېلىپ قويغان بىر قاپ تەييار چۆپ چىقتى. ئۇ بىر قاچىغا چۆپنى سېلىپ، ئۈستىگە چايداندىكى ئىلمان سۇنى قۇيۇپ، چۆپنى ئىشتىھا بىلەن يېۋالغاندىن كېيىن، خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

ئۇ نەچچە سائەتلىك جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئەتە كۆرسىتىلىدىغان خەۋەرنى تەييارلاپ بولدى. ئۇ ھارغىنلىق ئىچىدە ئەسنەپ تۇرۇپ سائىتىگە قارىۋىدى، سائەت ئىستىرېلكىسى دەل 12نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ شۇندىلا يېنىك تىنىپ، چىراغنى

ئۆچۈرۈپ، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى. ئۇ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چىراغلىرى يېنىپ تۇرغان، جىمجىت كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ئۆيىنىڭ پەلەمپىيىگە قەدەم قويدى. ئۇ ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆيگە كىرىپ چىراغنىمۇ ياندۇرماي، كىيىمىنىمۇ سالماي، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنى ساقلاپ - ساقلاپ ئۇخلاپ قالغان ئېرى ئايالىنىڭ كەلگىنىنى تۇيۇپ ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ ئايالىنىڭ يوتقانمۇ يېپىنماي ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، يوتقاننى تارتىپ ئۇنى يېپىپ قويدى.

تازىلىق ئۆيىدىكى سۇنىڭ شارىلدىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن مۇخبىر ئايال كۆزىنى قىيا ئېچىپ، دېرىزىگە چۈشكەن سۇس يورۇقنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تاتلىق ئۇخلىۋالغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئېرى كىرىپ كەلدى.

— سىز يەنە بىردەم ئارام ئېلىڭ، ئاخشام بەك كەچ كەلدىڭىز، ناشتىلىقنى مەن تەييارلاي.

— ھاردۇقۇم چىقىپ قاپتۇ، سىزگە رەھمەت. ناشتىلىقنى يەنىلا ئۆزۈم تەييارلاي، — ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يۈزىنى يۇماقچى بولۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

— سىزگە تېلېفون!

چىشىنى چوتكىلاۋاتقان مۇخبىر ئايال ئېرى كۆتۈرۈپ كىرگەن يان تېلېفوننى ئېلىپ قۇلىقىغا تۇتتى.

— ۋەي...... — بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تېلېفوننى قويۇۋېتىپ، ئاشخانىدا نېمىلەرنىدۇ تاراقشىتىۋاتقان ئېرىنىڭ يېنىغا كىردى، — قاراڭ، نىيازدىن تېلېفون كەپتۇ، ئەسلىدە بۈگۈن ناھىيەدە ئېچىلىدىغان يىغىن ئەھۋالىنى سۈرەتكە ئالغىلى نىياز باراتتى، لېكىن بۈگۈن سەھەردە يېڭى مەھەللە گاز-

لىقىغا يېقىن جايدا ئېغىر قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپتۇ. ئىد-
ىيە شۇ يەرگە بارىدىكەن. بۈگۈن ناھىيەدە ئېچىلىدىغان يىغىن-
نى سۈرەتكە ئالغىلى مەن بارىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۇ ئاشخانىدىن قايتىپ چىقىپ، چۇۋۇلۇپ تۇرغان چاچلى-
رىنى بىر-بىر قۇر تاراپ بوغۇۋالدى. بىردەم جىمجىت بولۇپ قال-
غان ئېرى ئېغىر بىر تىنىۋېتىپ، ئاشخانىدىن چىقتى.

— ئەمىسە، ناشتا قىلىۋېلىپ مېڭىڭ.

— ئۈلگۈرەلمەيمەن، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، دەرھال ئايى-
غىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى. ئېرى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ -
قاراپ تۇرۇپ قالدى. مانا بۇ مېنىڭ ئېيتماقچى بولغان ھېكا-
يەمدىكى باش پېرسوناژى — توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو - تېلې-
ۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چيەن خەييەنىڭ
خىزمەت، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بىر كۆنلۈك كارتىنىسى.

# ئاق سېكىلەك

1983 - يىلى 10 - ئاي. ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن، كالتە چاچلىرىنى ئىككى قىلىپ بوغۇۋالغان، ئاددىي كىيىنگەن، چىرايىدىن بالىلىقى چىقىپ تۇرغان، ئاق يۈزلۈك، ئوماققىنە بىر قىز توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا خىزمەتكە چۈشتى.



— كېلىڭ، سېكىلەك، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ.

— ئاق سېكىلەك، ماۋۇ ئىشنى قىلىۋېتىڭ!

— ئاق سېكىلەك، بىز بىلەن مېڭىڭ!

خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ چيەن خەييەن ئىكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، ئۇنى «ئاق سىپكىلەك» دەپ چاقىرىشاتتى. شۇنداق قىلىپ، «ئاق سىپكىلەك» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا سىڭىشىپ قالدى. ئۇنىڭ خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئۆزىگە بولغان تەلەپچانلىقى، كەسىپكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى، ئىنتىلىشى رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بېيجىڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دىكتورلۇق فاكۇلتېتىغا تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئاق سىپكىلەك ئۆزىگە كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەشنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا ھەمىشە تەبەسسۇم بىلەن قارايدىغان بۇ ئاق سىپكىلەكنىڭ كۈنلىرى چۈشىنىكسىز، مۇرەككەپ جۈملىلەرنى تىنىماي يادلاش ۋە قايتا - قايتا مەشىق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇ ئوبدانلا يېتىلگەن ۋە پىشقان دىكتور بولۇپ قالدى.

رادىيو كانايلىرىدىن ئۇنىڭ جانلىق، يېقىملىق، ھېسسىياتلىق ئاۋازى جاراڭلاپ تۇراتتى. ئاڭلىغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ پىروگراممىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. تېلېۋىزور ئېكرانىمۇ ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان ياخشى سەھنە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كەسپىتىكى تىرىشچانلىقى تۇرىتكىسىدە كۆرۈرمەنلىرىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ باردى. ئۇ دىكتورلۇق قىلغان بالىلار پىروگراممىسى ــ «مېنىڭ شاد - خۇرام ئائىلەم» بىرقانچە قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئۆگىنچىلىكى، بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنىڭ بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇشى كېرەكلىكى، باشقا خىزمەت ئورۇنلىرىدىكىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ

12

جاپالىق، تېخىمۇ تەلەپچان، تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇش تە-
لەپ قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ
ئەقىللىق ئاق سېكىلەك ئۆزىدە تېخىمۇ كۆپ ماھارەت يېتىلدۈ-
رۈش ئۈچۈن، دىكتورلۇق خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئاخبارات،
يېزىقچىلىق خىزمىتىنىمۇ ئۆگىنىشكە باشلىدى.



ئۇ باشقىلار تاشلىۋەتكەن نۇرغۇن كونا گېزىت - ژۇرنال-
لارنى يىغىپ ئەكېلىپ، ئەستايىدىل كۆرۈپ، تەتقىق قىلىپ،
كېرەكسىز كونا- ماتېرىياللار ئىچىدىن «گۆھەر»نى يەنى ياخ-
شى يېزىلغان خەۋەرلەرنى كېسىۋالاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇنى مۇنەۋ-
ۋەر «يىغىپ ساقلىغۇچى» دېيىشكىمۇ بولاتتى. يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئۇ تەجرىبىسى مول، پېشقەدەم يولداشلار بىلەن پىكىر ئال-
ماشتۇرۇپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلارمۇ يې-
نىدا، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن بۇ ئاق سېكىلەككە
ئامراق ئىدى.

ئۇنىڭ خىزمەت خاتىرىسىنىڭ بىرىنچى بېتىگە تۆۋەندە-

كى قۇرلار يېزىلغانىدى: «ئاخبارات خىزمىتىدە مۇخبىرنىڭ مېڭىسى سەگەك، پۇت - قولى چاققان، قۇلىقى سەزگۈر بولۇ-شى، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ئۇ-نىڭدىن باشقا، خام ماتېرىيال ئىچىدىن شاكىلىنى چىقىرىۋې-تىپ، مېغىزىنى ئايرىۋېلىش، كىشىلەرنى توغرا مۇنازىرىگە يې-تەكلەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئوبيېكتىپ، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش پرىنسىپىنى پۇختا ئىگىلەش زۆرۈر.»



چيەن خەيىەن ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە ئىشلىگەن بۇ 30 نەچچە يىلدا، ئاشۇ پرىنسىپنى يېتەكچىسى، قىبلىنامىسى ۋە مەڭگۈلۈك ئابىدىسى قىلىپ كەلدى. توقسۇ ناھىيەسىدىكى ئىككى بازار، ئالتە يېزىدا ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمىدى دېسەك ھەرگىز خاتالاشقان بولمايمىز.

ئۇ ھەمىشە قولىدىكى قەلەم بىلەن دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭاتتى. بۇلاردىن باشقا، ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە زىيارەت خاتىرىسىگە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، دېھقانلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر...... يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى بەك يۇقىرى ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئەمەلىيەتچان بولغاچقا ھەمدە ماقالىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق چىڭ تۇتقاچقا، بۇ 30 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن چاتاق چىقىپ باقمىدى. ئۇ ناھىيە بويىچە ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلار، ئىلغار شەخسلەرنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خەۋەر قىلىپ، تۇقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك خىزمىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى؛ ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ، تەجرىبە توپ-





لاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؛ بۇ جەرياندا دىكتور، مۇخبىر، ئاخبارات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدى-

رى، مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى؛ 2006 ـ يىلى 2 ـ ئايغا كەلگەندە، توقسۇ ناھىيىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامدىن، ئاشۇ جاپالىق ئىش مەيدانىدىن ئايرىلىپ باقمىدى.

ئۇ ياخشى مۇخبىر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ناھايىتى ياخشى يېتەكچى. «قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىلا، يۇقىرى ساپا ھازىرلىغىلى بولىدۇ». بۇ چيەن خەييەننىڭ مۇخبىرلىقنى ئۆگىنىۋاتقانلارغا دەيدىغان تۇنجى سۆزى. توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەۋاتقان مۇخبىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى. چيەن خەييەن «ئاق سېكىلەك» چاغدا، ئۇستازلىرى ئۇنى قانداق تەربىيەلىگەن بولسا، ئۇمۇ شاگىرتلىرىنى ئاشۇنداق تەربىيەلەپ كەلمەكتە. ئۇ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يېڭىدىن كەلگەن ھەرقانداق بىر خىزمەتچىگە ماقالە يېزىش، سىنغا ئېلىش، تېما تاللاش، پىلانلاشتىن تارتىپ تاكى ماقالىلەردىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ راۋانلىقى، ماقالە يېزىش ئۇسلۇبىغىچە بىر ـ بىرلەپ ئۆگىتەتتى، بۇ كەسىپتە جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق شەرەپ قۇچقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەستايىدىل بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتاتتى.

# خىزمەت سەۋداسى

نيۇ جيەنخۇا ئايالى چيەن خەيىيەننى «خىزمەت سەۋداسى» دەپ ئاتايتتى. چيەن خەيىيەن بۇنداق ئاتاشلارنى ئاڭلىغاندا كۈلۈپلا قويىدۇ. دېمىسىمۇ راست، ئېرىنىڭ مۇشۇنداق ئاتىشىدىمۇ سەۋەب بار. بۇ ئىككىيلەن توي قىلغان شۇنچە يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئېرى ۋە بالىچاقىلىرى بىلەن ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ۋاقتى بەك ئاز، بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا.



چۈنكى، ئۇ راستىنلا بىر خىزمەت سەۋداسى، ھەر ۋاقىت خىزمەتنىڭ غېمىدىلا يۈرىدۇ.

— بۇ خىزمىتىڭ بەكلا جاپالىقكەن، يا بولمىسا باشقا بىر خىزمەتكە ئالمىشىپ باقامسەن؟

چيەن خەيىيەننىڭ ئېرى بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭغا خىزمەت ئالمىشىش توغرىسىدا ئې-

غىز ئاچتى. چيەن خەييەن ھەر قېتىم ئېرىنىڭ خىزمەت ئالمى-
شىپ باق دېگىنىنى ئاڭلىغىنىدا كۈلۈپلا قوياتتى. بارا - بارا
ئۇنىڭ ئېرىمۇ خىزمەت ئالمىشىش توغرىسىدا گەپ قىلمايدى-
غان بولدى، چۈنكى ئۇ ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئايالىنىڭ قەلبى-
گە بەك چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.
چيەن خەييەن شۇنچە يىللاردىن بېرى جىددىي ۋەزىپە چىقىپ
قالسا، ئىسسىق - سوغۇق، قار - يامغۇر، كېچە - كۈندۈز دېمەي،
ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ كەلدى. ئۇ-
نىڭ خۇشاللىقى ئاخبارات ئىشلىرىغا باغلىنىپ كەتكەنىدى.
بىر قېتىملىق چاغان ھارپىسى، باشقىلار چاغانلىق نەرسە -
كېرەك سېتىۋېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇشۇپ كەتكەنىدى.
ھەممەيلەننىڭ ئۆيىدە بايرام خۇشاللىقى، چاغان تەييارلىقى بو-
لۇۋاتاتتى. ئەمما، چيەن خەييەن ئىشخانىسىدىكى كومپيۇتېر
ئالدىدا خەۋەر يېزىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.
چيەن خەييەن ماقالىسىنى يېزىپ بولۇپ، نەرسە - كې-
رەكلىرىنى يىغىشتۇراي دېۋىدى «بىر سائەتتىن كېيىن زىيا-
رەت بار» دېگەن جىددىي ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ ناھىيە
رەھبەرلىرى بىلەن مەلۇم ئورۇندا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمدىن
ھال سوراشقا بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ دەرھال ئېرىگە تېلېفون
قىلدى.
— ۋەي، چۈشتە مەن چاغانلىق نەرسە - كېرەك سېتىۋال-
غىلى بارالمىغۇدەكمەن، نيۇ نا ئىككىڭلار سىرتتا تاماق يەپ تۇ-
رۇڭلار، مەن زىيارەتتىن قايتىپ كېلىپ، ئاندىن سىلەر بىلەن
نەرسە - كېرەك ئالغىلى بارىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا تېلېفوننى
قويۇۋەتتى. نېمە ئىلاج؟...... نيۇ جيەنخۇا قىزىنى ئېلىپ،
سىرتقا تاماق يېيىشكە ماڭدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بالىلىرى

بىلەن بىر نەرسە سېتىۋېلىۋاتقان، بالىلىرىغا كىيىم ئېلىپ بېرىۋاتقان ئانىلارنى، ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ، كۆتۈرەلمەي قالغۇدەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئەر - خوتۇنلارنى كۆرۈپ، ئۇھ تارتتى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ ئايالى چيەن خەييەن ئىككى پۇتىنى تۆت قىلالماي ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. نەق مەيداندىكى ئەسكەرلەر چيەن خەييەننىڭ تولا پالاقشىپ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، تەسىرلەندى ھەمدە ئۇنىڭ بۇخىل روھىغا قىزغىن چاۋاكلار بىلەن مەدەت بېرىشتى.

— ئاچا، رەھمەت سىزگە!سىز بەك چارچىدىڭىز، — دېيىشتى ئەسكەرلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ. چيەن خەييەن بۇنى ئاڭلاپ ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ قالدى. زىيارەت ئاخىرلاشتى، لېكىن ئۇنىڭ جاپالىق خىزمىتى ئەمدى باشلانغانىدى. ئۇ بۇگۈنكى زىيارەت ئاساسىدا بىر پارچە خەۋەر يېزىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆيىگە قايتماستىن ئۇدۇل ئىدارىگە باردى. ئۇ ۋەزىپىسىنى تاماملاپ ئۆيىگە ماڭغاندا، كوچا چىراغلىرى يېقىلىپ، دۇكانلار تاقىلىپ بولغانىدى.

2003 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، توقسۇ ناھىيەسى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە دۇچ كەلدى. ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىنى توقسۇ ناھىيە تەۋەسىدە بولغاچقا، بۇ يەردە كەلكۈننىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى. پۈتۈن توقسۇ خەلقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەتتى.

پۈتۈن ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى كۈچەپ ئىشلىنىۋاتاتتى. ناھىيەدىكى مەلۇم ئىدارىنىڭ خىزمەتچىلىرى مەسئۇل بولغان ئورۇندا، يېڭى ئەھۋال بايقالغان-

لىق خەۋەرنى جىددىي سۈرەتكە ئېلىۋاتقان چيەن خەيىەن، قات-
تىق يامغۇر يېغىۋاتقان بۇنداق ئەھۋالدا خەۋەرنىڭ ئېنىقلىق



دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا
دەرياغا كىرىپ سۈرەتكە ئېلىۋاتقاندا، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان
كەلكۈن سۈيى ئۇنى ئېقىتىپ كەتتى.

— مۇخبىرنى ئېقىتىپ كەتتى! مۇخبىرنى قۇتقۇزۇۋالاي-
لى، — ۋارقىرىغان چۇقان - سۈرەنلەر ئەتراپنى بىر ئالدى.
بەختكە يارىشا، كۆپچىلىكنىڭ ۋاقتىدا جىددىي تەدبىر قوللى-
نىشى بىلەن ئۇ قۇتقۇزۇلۇپ قېلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى چى-
لىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— بۇمۇ ياخشى بولدى، سەگىپ قالدىم. ماڭا ھېچنېمە
بولمىدى، — ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئەھۋال سورىشىغا جاۋابەن
ئېيتقان بۇ قىزىقارلىق گەپلىرى ئەتراپتىكىلەرنى كۈلدۈرەت-
تى. چيەن خەيىەن شۇ تۇرقى بىلەن ئاپپاراتنى يەنە قولىغا ئال-

دى - دە، قايتىلاتتىن ئىشىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر ئۇرۇننىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى بارغاندا، ئەتراپتىكىلەر ئۇستىبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن چيەن خەييەننى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.

— ماۋۇ مۇخبىر ئايالغا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراشتى ئەتراپتىكىلەر چيەن خەييەننىڭ خىزمەتداشلىرىدىن.

— نېمە بولاتتى، ئاپەت ئەھۋالىنى سىنىغا ئالىمەن دەپ سۇغا چۈشۈۋېلىپ كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى. ھەممىمىزنى قورقۇتقان بۇ كەلكۈن چيەن خەييەننى قورقۇتالمىغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى ئۇلار قىزىقچىلىق قىلىپ. چيەن خەييەن ئۇلارنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويدى، كۈلگىنى بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى، ئىككى يوتىسى سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ يەنىلا سىن ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، كەچ سائەت 11 دىن ئاشقان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئىشخانىدا خەۋەر يېزىپ ئولتۇراتتى. ئىككى قولنى تۆت قىلالمايۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇ يەنە بىر ئورۇننىڭ كەلكۈن توسىمىسىدا خەتەر كۆرۈلگەنلىكى، شۇڭا نەق مەيدانغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا خەۋەر تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ بىر قانچە خىزمەتداشلىرىنى ئېلىپ، يېڭى كۈرەشكە ئاتلاندى. ئەتراپ قاراڭغۇ، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى. يوللار پاتقاق ھەم تېيىلغاق ئىدى. يىراقتىن كۆرۈنگەن دەريا قېشىدىكى قولچىراغ ۋە چاقماق يورۇقىدا ئىشلەۋاتقان مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر توپى «ھە - ھۇ!»لار ئىچىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ئاشۇ ئالدىنقى سەپكە، چوقۇم تېزدىن بېرىش كېرەك...... ئۇلار موتوسىكلىتنى گاھ ئىتتىرىپ، گاھ يۆلەپ،

گاھ مېنىپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز موتۇسىكلىت تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ كەتتى. چيەن خەييەن دەماللىققا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالماي قالدى.

— دوختۇرخانىغا بارايلى!— دېيىشتى خىزمەتداشلىرى، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ.

— ياق، مۇنداق چاغدا كەينىمىزگە قايتىپ كەتسەك بولمايدۇ! — دېدى چيەن خەييەن كەسكىنلىك بىلەن ئۇلارنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ.

— سىز بۇنداق تۇرسىڭىز قانداق ماڭالايسىز؟ — دېدى ئارىدىكى بىر خىزمەتدىشى ئۇنى يۆلەپ.

— مېنى كىم ماڭالمايدۇ دەيدۇ؟— ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ئۆمىلەپ قوپۇپ ئاقسىغىنىچە يولىنى داۋام قىلدى.

ئۇ نەق مەيداننى سۆرەتكە ئېلىپ بولۇپ، چېدىرغا كىرىپ خاتىرە يېزىپ، ۋەزىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇستىبېشىنىڭ لاي بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ھەمدە بەدىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ماڭاي دەپ ئەمدى قەدەم ئېلىشىغا يىقىلىپ چۈشتى.

— ئاۋايلاڭ..... توختاڭ! — بىر نەچچەيلەن كېلىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— يىقىلىپ كەتتۇق دەۋاتاتتى، پۇتى بىر نېمە بولغانمۇ نېمە؟

— شۇنداقتەك قىلىدۇ. ھەي قولچىراغنى ئېلىپ كېلىڭلار!

— ئاپلا! مۇخبىر سىڭلىم، ئۇشۇقىڭىز چىقىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، قانداقمۇ ماڭغانسىز؟

— چيەن خەييەن دەسلەپتە قان قىزىقچىلىقتا ئاغرىقنى ئانچە ھېس قىلمىغان بىلەن، ئەمدىلىكتە كۆكىرىپ تۇرغان ئو-شۇقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن بەدەنلىرىنىڭ تېخىمۇ زىڭىلداپ ئاغ-رىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— مىدىرلىماڭ! مىدىرلىسىڭىز بولمايدۇ.

— مىدىرلىمىسا قانداق قىلىدۇ؟ ئەمىسە ئۇنى ئۆزۈڭ كۆ-تۈرۈپ تېڭىقچىغا ئاپارمامسەن؟

— تۈرۈپ تۇرمامسەن، ئالدى بىلەن ئوشۇقىنى تېڭىپ قوي-مىسا قانداق بولىدۇ؟

دېھقان دېگەن ئاجايىپ بولىدۇ دېسە، گەپلىرى قوپال، تاققا - تۇققا بولغان بىلەن، كۆڭلى تۈز ھەم مېھرىبان. بىر دېھقان لۆڭگىدىن بىرنى تېپىپ كەلدى، يەنە بىر دېھقان نەدىن تاپتى-كىنتاڭ، تۇخۇمدىن ئىككىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بىرنەچچە قو-پال قول ئۇنىڭ ۋاي - ۋايلىرى، تېپچەكلەشلىرىگە قارىماي، ئۇ-نى مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئۇلار چيەن خەييەننىڭ پۇتىنى تېڭىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئاغرىقى ئازراق قويغاندەك بولدى.

— قېنى ماڭمايمىزمۇ، — دېدى ئۇ خىزمەتداشلىرىغا، ئاپ-پارات بىر نەرسىلىرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

— سىز بۇنداق تۇرسىڭىز، — خىزمەتداشلىرى ئىككىلىنىپ قالغاندى.

— پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى سەل بوشىدى. بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ - دە، بىز قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار.

— نېمە؟ يەنە نەگە بارىسىلەر؟ سىڭلىم، ماڭسىڭىز بول-مايدۇ؟ جاننىڭ ئىشى بار جۇمۇ؟— دېدى بىر دېھقان چيەن خەيـ-يەنگە.

— ماڭمىسام بولمايدۇ ئاكا، يەنە باشقا قىلىدىغان ئىشىمىز بار. سىلەرگە رەھمەت.

— ئۇ بەكلا چىدامىلىق ئايالكەن، ئۇنىڭ پۇتىنى بىرەر تېـ ـڭىقچىغا كۆرسىتىپ بېقىپ، قىلىدىغان ئىشىنى سىلەر قىـ ـلىپ تۇرساڭلار بولامدۇ؟

— ھەي، ئاكا، قېنى ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنداق دەپ بېقىڭە، ئۇ ـ نامىدىكەن؟ ئۇ ئۇنىمايدۇ دەيمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە راستىنى دېـ ـسەم، ئۇنىڭ ئىشىنى بىز قىلالمايمىز.

— ھەي، بۇ گەپ قاملاشمىدى. بىرگە خىزمەت قىلىدىكەنـ ـسىلەر، يوغان ئەر كىشى تۇرۇپ نېمىشقا سىلەر قىلالمايسىلەر؟ بىر ئايال كىشىگىمۇ شۇنچىۋالا ئېغىر ئىشنى يۈكلەپ قويغان بارمۇ؟

— ھەي ئاكا، نېمە دېسەك بولار! بىزگە ئۇنىڭ ئىشىنى قىـ ـلىدىغانغا خېلى قاپاق پىششىقى بار.

ئاڭغۇچە چيەن خەييەن بىر پۇتىنى ئاياپ دەسسەپ ئۇلارغا يېقىن كەلدى.

— رەھمەت ئاكا، بۈگۈن سىزگە بەك جاپا سالدىم. بۈگۈن سىزنىڭ تارتقان جاپايىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ، ھەرقانداق قىيىنـ ـچىلىققا بەرداشلىق بېرىمەن. بىز قايتايلى، يەنە باشقا ئورۇنغا بارمىساق بولمايدۇ.

— سىڭلىم، پۇتىڭىز بۇنداق تۇرسا؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق. قاراڭ، قولىڭىز بەك شىپالىقكەن، ئاغرىقى ئوبدانلا قويدى.

شۇنداق قىلىپ، چيەن خەييەن يەنە ئاپپاراتىنى ئېسىپ، خىزمەتداشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى. دېھقانلار سىمـ ـسىم تېمىپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرىغا يۈزلىنىپ، ئويغۇرـ

چىنى شۇنداق راۋان سۆزلەيدىغان بۇ مۇخبىر ئايالنى قايىللىق
ھېسسىياتى ئىلكىدە ئۇزىتىپ قويدى.

چيەن خەيىيەن ئۇن نەچچە كېچە - كۈندۈز داۋاملاشقان
كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش نەق مەيدان زىيارىتى داۋامىدا پىژ -
پىژ ئاپتاپنىڭ نىمىلىكىنى، سۇدا ئېقىپ كەتكەندىكى قورقۇنچ
تۇيغۇسىنى، موتوسىكلىتكە مىنىپ يىقىلىپ چۈشكەندىكى
ئاغرىقنى، دېھقانلارنىڭ جاپاغا، قىيىنچىلىققا قانداق مۇئامىلە
قىلىدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتتى. چيەن خەيىيەن-
نىڭ مانا مۇشۇنداق جاپاغا چىداش روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، كەل-
كۈن ئاپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئون نەچچە پارچە خەۋەر ئارقا - ئار-
قىدىن ۋىلايەت ۋە ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا تار-
قىتىلدى.

2006 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى توقسۇ ناھىيەسىدى-
كى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، ئۆلچەش - سىزىش خادىمى، خە-
ۋەرچى، مۇخبىر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان 16 خادىم توقسۇ
ناھىيەسىدە يېڭى بايقالغان سىرلىق جىلغا — «كۆك ئاسمان
سىرلىق جىلغىسى» قەدىمىي يول ۋە تېتىر ئويمانلىقىدا ئەمە-
لىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى.

چيەن خەيىيەن بۇ ئەترەتتىكى بىردىنبىر ئايال ئىدى. بۇ
قېتىم بىرى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ يولغا چىقىشتىن
بۇرۇنقى تەييارلىقىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، يەنە بىرى، ئەترەت
ئەزالىرىنىڭ دالا قىدىرىپ تەكشۈرۈش تەجرىبىسىنىڭ كەم-
چىل بولۇشى تۈپەيلى، بۇ ئەترەت قاقاس تاغدا ئىككى كۈن بىر
كېچە قامىلىپ قالدى. ئۇلار يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى بايقى-
غاندا، سۇ ۋە يېمەك - ئىچمەك ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. پىژغى-
رىم ئىسسىق، دالىدىلانغۇدەك ھېچنېمە يوق. ئۇلار ئۇسسۇزلۇق،

سۈسىزلىنىش، يول يۈرۈشتە قىينىلىشىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا دۇچ كەلدى. لېكىن، چيەن خەيىەن بەل قويۇۋەتمىدى. ئۇنىڭ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ماغدۇرسىزلىق تەسىرىدىن بېشى قېيىپ دەلدەڭشىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا غەيرىتىنى بوشاشتۇرمىدى.

— هوي، دىققەت قىلىڭ! چارچىمىدىڭىزمۇ؟

— چيەن ئاچا، بىردەم ئولتۇرۇۋالسىڭىزچۇ؟ نەچچە يىقىلدىڭىز، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىغاندۇ؟

— هېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى ئۇ ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن تولىشىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ. ئۇ سۇرۇلۇپ كەتكەن يېرىنى قول ياغلىقى بىلەن تېڭىپ قويۇپ، ئاپپاراتنى كۆتۈرۈۋېلىپ يەنىلا سۈرەتكە ئېلىش بىلەن ئالدىراش بولاتتى. ئۇ تاغ ئارىسىدىكى هەر خىل يەر شەكلى، تاغ تىزمىسى، جىلغا، ئۆڭكۈرلەر، شۇنداقلا يولدا ئۇچرىغانلىكى هەربىر ئاجايىپ مەنزىرىنى سىنىغا ئېلىپ ماڭدى.

— توۋا! — دېيىشەتتى قالغانلار، — چارچاپ ئادەمنىڭ هالى قالمايۋاتسا، بۇ مۇخبىر يەنىلا جىم تۇرالمايۋاتىدۇ دېسە، بۇ ئايالنىڭ جېنى هەقىقەتەن چىڭكەن جۇمۇ. مەن راستىنلا قول قويدۇم.

— بىز قاياققا ماڭساق ئېزىپ كەتكەن يەردىن چىقىپ كېتەرمىزكى دېگەن غەمدە، بۇ ئاچىمىز بولسا توختىماي سىنىغا ئېلىش بىلەن ئاۋارە، هەي!

— بۇ مۇخبىر بىر ئىشلارنى بايقاپ قالغان گەپ.

— توغرا دەيسەن. مۇخبىرلار يا مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ كۆردۈڭلارمۇ، يەنە تاغقا يامىشىپ چىقىپ كەتتى، — دېدى ئارىدىن بىرى تاغ باغرىدا مىدىرلاپ يۈرگەن چيەن خەيىەننى كۆر-

ستىپ.

چېيەن خەيىيەن ئۇ چاغدا بىر يان باغىردا يېتىپ تۇرۇپ، ئې-گىز ھەم ھەيۋەت بىر شەكىلنى سۈرەتكە ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپپاراتنى كۆتۈرۈۋالغان مۈرىسى سەل تالغان بولسا كېرەك، ئۇ ئاپپاراتنى قۇچىقىغا ئېلىپ بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئۇ تۇرۇۋالغان يەر بوش شېغىل بولغاچقا، سىيرىلىپ كەتتى.

— ئاپلا! ئاۋۇ ئايال سىيرىلىپ كەتتى...... — بىر نەچچەيلەن يۈگۈرگەن پېتى چېيەن خەيىيەننىڭ يېنىغا باردى. توپا دەس-تىدىن ئۈستىبېشىنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك ھالدىكى چېيەن خەيىيەن ئاپپاراتنى بۇزۇلدىمۇ - بۇزۇلمىدىمۇ دەپ تەكشۈرۈۋاتات-تى. تەرەپ - تەرەپتىن ئۇزىتىلغان قوللار، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇز-دى. ئۇنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، پۇت - قوللىرى سۈرۈلۈپ قاناپ كەتكەنىدى.

— يائاللا، جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىمايدىكەن، بىردەم دې-مىڭىزنى ئېلىۋالسىڭىز بولمامدۇ دەيمەن، — دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

چېيەن خەيىيەن خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئۇلار-نىڭ گېپىگە ئىنكاس قايتۇرمايلا يۈزلىرىنى سۈرتۈپ، كىيىم-لىرىنى قېقىشتۇردى، چىرايىدا بولسا يەنىلا شۇ تەبەسسۇم.

— پۇتىڭىز بىر نەرسە بولمىغاندۇ؟ بىزنى بەكلا قورقۇت-تىڭىز جۇمۇ!

— ھازىرچە ھېچنېمە بولمىغاندەك قىلىمەن؟ ئاۋۇ ئېگىز-دە باشقا يەرگە ئوخشىمايدىغان توپا قاتلىمى بار ئىكەن، شۇنى سۈرەتكە ئالاي دېيىشىمگە......

— ھەي...... تازىمۇ، سىز يە بىر گېئولوگمۇ! ئەگەر بۇ-

گۈن بىر يېرىڭىز زەخىملىنىپ، ئېغىر ۋەقە چىققان بولسا......

ــ گېئولوگ بولمىسىمۇ، ئالدى بىلەن مۇشۇنداق تەرەپلەرنى بايقىغاندا، ئاندىن گېئولوگنى مۇشۇ قاقاس تاغقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغان گەپ. نەدىكى بىر گەپنى قىلىدىكەنسەن،

ــ دېدى يەنە بىرى گەپ قېتىپ.

ــ ھەي...... ھەي...... سىلەر نېمىنى تالىشىسىلەر؟ تالىشىپ قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى؟ سىلەرنى دە تالاشقا سېلىپ قويغان ئاۋۇ ئاچامغا قاراڭلا؟ كۆردىڭلارمۇ، ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ــ كۆپچىلىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، يان تەرەپتىكى تاغقا قاراشتى. چيەن خەيیەن شۇ تاغنىڭ بېقىنىدىكى بىر تۆپىلىكتە ئولتۇرۇپ، پەس تەرەپنى سۈرەتكە تارتىۋاتاتتى.

چيەن خەيیەن جاپا ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمەي، ئاخىر ئوڭۇشلۇق ھالدا بۇ ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، كۆك ئاسمان جىلغىسىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تەييارلىدى. چيەن خەيیەن تەمىنلىگەن ئاشۇ ماتېرىياللار ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇ ئاخبارات خىزمەتچىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئىپادىلىگەنىدى.

# نيۇ نانىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى

چيەن خەييەننىڭ قىزى نيۇ نا 12 ياشقا كىرگەن چاغ ئىدى. بىر كۈنى چيەن خەييەنگە قىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جياڭ مۇئەللىمدىن تېلېفون كەلدى:

— ۋەي، چيەن خەييەنمۇ سىز؟ ۋاقتىڭىز يەتسە، ئىشخانامغا بىر كېلىپ كەتسىڭىز، كۆرۈشكەن بولساق.

چيەن خەييەن ئۇ كۈنى خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا ۋاقىت چىقىرالماي، ئەتىسى بىر ئاماللارنى قىلىپ مەكتەپكە بېرىپ، جياڭ مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشتى. شۇ مەزگىللەردە مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان ئائىلە باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىغا داۋاملىق نيۇ نانىڭ دادىسى نيۇ جيەنخۇا قاتنىشىدىغان بولغاچقا، چيەن خەييەن جياڭ مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپمۇ باقمىغانىدى. جياڭ مۇئەللىم ئىشخانىسىدا بىر تاپشۇرۇق دەپتەرنى چيەن خەييەنىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

— بۇنى بىر كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، — دېدى.

چيەن خەييەن دەپتەرنىڭ مۇقاۋىسىغا يېزىلغان ئىسمىدىن قىزى نيۇ نانىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. دەپتەرنىڭ 4 - ۋارىقىغا يوغان قىلىپ «مېنىڭ ئانام» دېگەن بىر ماۋزۇ يېزىلغانىدى.

چيەن خەييەن قىزىقىش ئىلكىدە قىزىنىڭ يازمىلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى.

# مېنىڭ ئانام

مېنىڭ ئانام بەك چىرايلىق ۋە مېھرىبان بولسىمۇ، مەن ئانامنى ياقتۇرمايمەن، چۈنكى ئۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ. مەن كىچىكىمدىن ئانامنىڭ داۋاملىق مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشىنى، ماڭا ئۆز قولى بىلەن تاماق يېگۈزۈشىنى، كىيىم كىيدۈرۈشىنى، مېنى يېتىلەپ كوچا ئايلاندۇرۇشىنى، ماڭا ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىشىنى، مېنى باغرىغا بېسىشىنى، ھەتتا ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچقىنىمدىمۇ، ئانامنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، ئانامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا شۇنداق ئامراق ئىدىم. لېكىن، مەن ئانا مېھرىگە موھتاج ۋاقىتلىرىمدا يېنىمدا ئانام ئەمەس، دادام بولاتتى. بەزىدە مەن ئانامنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، يىغلاپ تۇرۇۋالساممۇ، ئانام مېنى ئاستا يەرگە قويۇپ، دادامغا بىر نېمىلەرنى تاپىلاپ چىقىپ كېتەتتى. ئاخشىمى داۋاملىق قوچىقىمنى قۇچاقلاپ ئۇخلايتتىم. باشقا بالىلارنىڭ ئانىلىرى ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، كوچىلاردا ساۋاقداشلىرىم ۋە دوستلىرىمنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى يېتىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسەم، ئۇلارغا شۇنداق ھەۋىسىم كېلىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ئانامنىڭ مېنى يېتىلەپ، مېنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز. بىر قېتىم دادامدىن:

— ئانام ماڭا ئۆگەيمۇ؟ — دەپ سورىدىم. دادام بېشىمنى سىلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز، قىزىم؟— دەپ ياندۇرۇپ سورىدى.

— مەن شۇنداقمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، ئانىڭىز سىزگە قانداقمۇ ئۆگەي بولسۇن؟ ئۇ سىزگە بەك ئامراق، قىزىم.

— ئەمىسە...... ئەمىسە...... — مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرال-

ماي، ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتىم. دادام كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى.

بىر قېتىم مەن قاتتىق ئاغرىپ قالدىم. ھەربىر يۆتەلسەم كېكىردەكلىرىم ئېچىشىپ، ئۆپكەم خىرىلداپ، بېشىم چىڭقىلاتتى. ئۇ كۈنلەردە دادامۇ سىرتتا خىزمەتتە ئىدى. بېشىمنى كۆتۈرەلمەي ياتسام، ئانام مېنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. يېنىمدا ھېچكىم يوق، «ئانا!» دەپ ۋارقىرىدىم، يىغلىدىم..... قوشنىمىز مەريەم ئاچام كىرىپ، ماڭا دورا ئىچۈرۈپ، بېشىمنى سىلاپ، يېنىمدا بىر دەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇ يەنە بەزىدە شوۋىگۈرۈچ ئېتىپ ئەكىرىپ، ماڭا ئىچۈرۈپ قوياتتى. لېكىن، مەن مەريەم ئاچامنىڭ ئورنىدا ئانامنى كۆرۈشنى بەكمۇ خالايتتىم، ئەمما ئۇنداق بولمىدى. مەريەم ئاچام يېنىمدىكى چاغدا، ئارىلاپ تېلېفوندا بىرسى بىلەن گەپلىشەتتى، ئېھتىمال ئۇ ئانام بىلەن گەپلەشكەن بولسا كېرەك. شۇ چاغدا ئانامغا شۇنداق ئۆچلۈككۈم كەلدى. «ئەمدى ئۇنى ئانا دېمەيمەن، ئۇ ئاش ئېتىپ بەرسىمۇ ئىچمەيمەن» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى ئۇقمايمەن، بىر چاغلاردا كۆزۈمنى ئاچسام، ئانام مېنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋېتىپتۇ. ئانىنىڭ قوينى بەك ئىللىق، بەك راھەت بولىدىكەن. مەنمۇ ئانامنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم. ئۆتكەندە مەن ئانامغا ئەگىشىپ بىر يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى كۆردۈم، مېنىڭ ئانام مۇخبىر، ئۇ بەك ئىقتىدارلىق ھەم قالتىس. ئۇنىڭ سۈرەتكە ئېلىش جەريانىدىكى يۈگۈرۈپ يۈرۈشى مېنى شۇنداق ھەيران قالدۇردى. ئانام سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئېگىز دەرەخلەرگە، ئۆگزىلەرگە يامىشىپ چىقىدىكەن، بەزىدە يەردە ئۆمىلەيدىكەن. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيگە كەلمەي، ئالدى بىلەن ئىشخانىدا بىرنېمىلەرنى يېزىپ، يەنە ئىشلەيدىكەن. مەن بىر نەچچە قېتىم ئانامنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇخلاپ قالغانىدىم. مەن ئۇخلاپ قالغان چاغلاردا ئانام مېنى ئويغىتىپ، ئالدىن ئۆيگە ئېلىپ كېتەتتى. مەن غەرەز ئۇققۇدەك بولغاندا، ئانامنىڭ تېلېۋىزوردا كۆپرەك سۆزلىشىنى ئىستەيدىغان

بولدۇم. بىر قېتىم بايرامدا ئانامنى كۆرگۈم كېلىپ جىدەل قىلسام، دادام بېشىمنى سىلاپ:

— ئانىڭىزمۇ يېنىڭىزدا بولۇشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئامال يوق، ئۇنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش، ئۇنىڭدىن ئاغرىنماڭ قىزىم، — دېدى.

— ئۇ باشقا ئىش قىلسا بولمىدىمۇ؟ دوستلىرىمنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئانىلىرىمۇ خىزمەت قىلىدىكەن، لېكىن بالىلىرىنى تاشلاپ قويمايدىكەن.

— ئوخشىمايدۇ قىزىم، ئانىڭىزنىڭ خىزمىتى بەك كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان، بەكلا جىددىي خىزمەت يەنە كېلىپ بۇ خىزمەت ئانىڭىزدەك ئۆزىنى بېغىشلايدىغانلاردىن ئايرىلالمايدۇ. كۆرگەنلا ئادەم بۇ خىزمەتنى قىلالمايدۇ، قىزىم.

مەن دادامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يىغلاشتىن توختىدىم ۋە كېچىسى ئانام كىرگۈچە ئۇخلاپ قالماسلىققا تىرىشتىم. بەزىدە ئۇخلاپ قالغان بولسام، ئانام كىرگەندە ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئانام ئۆيگە كەلگەندە ئالدى بىلەن قېشىمغا كىرەتتى-دە، بېشىمنى سىلاپ، مېنى سۆيۈپ قويۇپ نېمە تاماق يېگەنلىكىمنى، قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى سورايتتى. شۇنداق چاغلاردا خۇشال بولغىنىمدىن، ئانام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يوتقاننى بېشىمغا ئورىۋېلىپ يىغلاپ كېتەتتىم. ئەسلىدە ئانام ماڭا ئۆگەي ئەمەس ئىكەن، ماڭا بەك ئامراق ئىكەن. ھازىر ئاغزىمدا ئانامنى ياقتۇرمايمەن دېگىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەن ئانامغا بەك ئامراق.

چيەن خەييەن قىزىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ بولۇپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— قىزىم، مەن ئالدىڭىزدا بەك كۆپ قەرزدار!

جياڭ مۇئەللىم قىزىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى بىلەن يۈزد-

نى يىپىپ، يىغلاپ كەتكەن چيەن خەييەننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇق دەپتەرنى ئاستا سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قول ياغلىقىنى سۇندى.

— نېمە دېسەم بولار؟...... سىزنى ئەيىبلىگىنىم ئەمەس، نيۇ نانىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، قەلەم قۇۋۋىتى سىزنى تارتقادەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېزىقچىلىقتا شۇنداق قىزىقىدۇ، بۇ بىر ياخشى تەرەپ، لېكىن...... يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئانا ئۈچۈن بالىدىن مۇھىم نەرسە يوق، خىزمەت شارائىتىڭىز شۇنداق بولسىمۇ...... مېنىڭ تەكلىپىم، بۇنىڭدىن كېيىن نيۇ ناغا كۆپرەك ھەمراھ بولسىڭىز. قىز بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانىنىڭ تەربىيەسى ۋە تەسىرى بەك مۇھىم، بۇنى سىز ئوبدان چۈشىنىسىز.

چيەن خەييەن جياڭ مۇئەللىمنىڭ يېنىدىن قانداق مېڭىپ چىققانلىقىنى سەزمەي قالدى.......

ئاردىن خېلى يىللار ئۆتتى، چيەن خەييەن نيۇ نانىڭ ئاشۇ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. نيۇ نا ھازىر شىنياڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى باشلامچى

چيەن خەييەن بىر رەھبەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىدارىدى-
كىلەرگە ھەمىشە: «مەلۇم بىر ئورۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچى-
لەرنىڭ ئىدىيەۋى قىياپىتىنى باھالاشتا، ئالدى بىلەن خىزمەت



ئورنىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلى-
گەن - ئىشلىمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. چۈنكى، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش مەلۇم بىر تىپنىڭلا مەسئۇلى-
يىتى بولۇپ قالماستىن، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى»
دەپ تەكىتلەيتتى ھەمدە ئالدى بىلەن ئۆزى مىللەتلەر ئىتتىپاق-

لىقى خىزمىتىدە ئۈلگىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇراتتى.

چيەن خەييەن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى. ئۇ ئىدارىدە چاقىرىلغان يىغىن ۋە كوللېكتىپ ئۆگىنىشلەردە ھەمىشە كۆپچىلىكنى خىزمەت، ئىش بېجىرىش، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىققا ئەسكەرتتى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن تۈزۈلگەن، تەشۋىقات ئورنىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈلگەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى» ئۇزاقتىن بۇيان توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىجرا قىلىدىغان مۇھىم تۈزۈم بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا، توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى مىللىي ۋە خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولۇش كەيپىياتى ئىزچىل ياخشى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

چيەن خەييەن خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئومۇمىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەخسۇس پروگراممىسى — «ئۇلۇغ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇپ چىقايلى»نى ئۆزى پىلانلاپ ۋە تەشكىللەپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخسلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرىنى قېزىپ چىقىپ، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ناھىيە تەۋەسىدە ھەممەيلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

چيەن خەييەن خىزمەت، تۇرمۇش جەھەتتە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىدى. توقسۇ ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىكى ئاشۇ بىر قىسىم كادىرلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە تولۇق ئالالايدىغان ئاخبارات خادىملىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا، چيەن خەييەننىڭ ئەجرى ئىنتايىن كۆپ، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭدىن باشقا، چيەن خەييەن ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىقىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدىغان ياخشى سەپداش، ئۇلارنىڭ ياخشى تۇغقىنى. بۇ جەھەتتىكى مىساللار بەك كۆپ. بىر قېتىم چيەن خەييەن مەلۇم بىر ئۇيغۇر خىزمەتدىشىنىڭ باشقىلارنىڭ پارىڭىغىمۇ ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ بەزىدە ئۈن-تىنسىز كۆز يېشى قىلغانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چيەن خەييەن ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭدىن سورايدۇ.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە بولمىدىم.

— ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ؟ چوقۇم ئۆيىڭىزدە بىرەر ئىش بولدى، مېنىڭدىن يوشۇرماڭ؟ بىز دېگەن خىزمەتداش، بىرەرسىمىزنىڭ بېشىغا دەرد كەلسە، ئۇنى تەڭ تارتىشارمىز؟!

چيەن خەييەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— راست دەيسىز، مەن بىر قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم. دەماللىققا، بېشىم قېتىپ قالدى شۇ.

— قانداق قىيىنچىلىق؟ دېسىڭىزچۇ؟ — تاقەتسىزلەنگەن چيەن خەييەن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سورىدى، — پۇلنىڭ ئىشى-

مۇ ياكى باشقا ئىشمۇ؟

ــ پۇلنىڭ ئىشى.

ــ قانچىلىك لازىم بولۇپ قالدى؟

ــ ھەي، ــ ئۇ ئۇھسىنىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، ــ ئىشقىلىپ ئاز ئەمەس، خېلىلا بار.

ــ بولدى، غەم قىلماڭ، ــ دېدى چيەن خەييەن كەسكىنلىك بىلەن، ــ كىمنىڭ بېشىغا دەرد كەلمەيدۇ دەيسىز؟ قانچىلىك پۇلۇم بار، مەن ئاۋۋال بولۇڭ - پۇچقاقلىرىمنى بىر تەكشۈرۈپ باقاي، قولۇمدا بار ھەممە پۇلنى سىزگە بېرىپ تۇرسام بولىدۇ. بولدى، بەك باش قاتۇرۇپ كەتمەڭ، بۇ قىيىنچىلىقمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەتىسى، چيەن خەييەن ھېلىقى خىزمەتدىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر بولاقنى قويدى.

ــ بۇ نېمە؟...... چيەن خەييەننىڭ خىزمەتدىشى بولاقنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىن 100يۈەنلىكتىن 5باغلام پۇلنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ چيەن خەييەننى «ئاغزىدا ئۇنداق دەپ قويغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا قىلماس»دەپ ئويلىغانىدى. كۈتۈلمىگەندە چيەن خەيىيەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويغان قەغەز بولاقتىكى پۇلنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كېكەچلەپ كەتتى:

ــ بۇ...... بۇ...... نېمە قىلغىنىڭىز؟

ــ بۇ 50 مىڭ يۈەن. بارىنى تەڭ ئىشلىتىمىز، ھازىرچە سىز ھېچنېمە دېمەي، بۇنى ئىشلىتىپ تۇرۇڭ.

ــ سىزگە كۆپ رەھمەت، لېكىن سىزگىمۇ پۇل لازىم بولىدۇ، شۇ چاغدا ۋاقتىدا جايلاپ بېرەلمىسەمچۇ؟

ــ ھازىرچە سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىز مۇھىم، ماڭا لا-

زىم بولغاندا يەنە بىر ئامالىنى قىلىمىز.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چيەن خەييەننىڭ خىزمەتدىشى تەسىرلەنگىنىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

چيەن خەييەن ئىداردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ قوشنا - قولۇملار بىلەنمۇ خۇددى ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك ياخشى ئۆتىدۇ. ئۇ ئولتۇرۇۋاتقان ئولتۇراق رايوندىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇدۇل خوشنىسىمۇ ئۇيغۇر. ئۇ ئاشۇ ئۇيغۇر قوشنىلىرى بىلەن ھېيت-بايرام، توي - تۆكۈنلەردە ئۆزئارا يوقلىشىپ، ھېيتلىشىپ، مېھمان بولۇشۇپ ئىناق ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ چيەن خەييەن ئائىلىسىگە ئالاھىدە مېھرى بار. چيەن خەييەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيگە كېلەلمەي، تاماق ئېتەلمىگەندە، ئۇنىڭ قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ داستىخىنى ئېرى نيۇ جيەنخۇا بىلەن قىزى نيۇ نا ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق. شۇڭا، چيەن خەييەن ئاشۇ قوشنىلىرى بولغاچقا، ئېرى بىلەن قىزىنىڭ ئاچ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتى. بەزىدە ئېرى كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپ قالسا، قىزى نيۇ نا يەنىلا ئاشۇ قوشنىلارنىڭ غەمخورلۇقىدا بولاتتى. بەزىدە قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كېلىپ قالسا ياكى ياخشىراق تاماق ئەتسە، ئۇلار ئەتكەن تامىقىدىن چيەن خەييەننىڭ ئۆيىدىكىلەرنىمۇ ئېغىز تەگكۈزەتتى.

ــ ئۆيگە مېھمان كېلىپ، تاماق ئەتكەنىدىم، تاماق ئېتەلمىدىڭىز ھەقاچان؟

ــ مانتا ئەتكەنىدىم، ئوخشاپتۇ، تېتىپ بېقىڭ!

ــ ھېرىپ كەتكەندە تاماق ئەتمەڭ، بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەڭلار.

......

بۇ چيەن خەييەننىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە دائىم دەيدى-
غان گېپى. چيەن خەييەن ئولتۇرغان ئولتۇراق رايوندىكىلەرنىڭ
كۆپ ساندىكىلىرى، ئىشىك ئالدىغا كۆكتات تېرىيدۇ. ئۇلار بۇ
كۆكتاتلارنىمۇ چيەن خەييەن بىلەن تەڭ ئىشلىتىدۇ.



نيۇ جيەنخۇا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيدىغان بول-
غاچقا، قوشنىلار تېلېۋىزور سىگنالىغا دائىر بولامدۇ ياكى ئائى-
لە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىگە دائىر بولامدۇ ياردەم تەلەپ قىلىپ
كىرسە، نيۇ جيەنخۇا شۇ ھامان ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ،
ھەتتا قوشنىلىرى ئۆيىگىدىن ۋاكالىتەن سىملىق تېلېۋىزىيە
ھەققىنى تاپشۇرۇپ بېرىشىنى دېسىمۇ، ئۇ خوشاللىق بىلەن
ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. قوزا ئانىسىدىن ئوت يېيىشنى، چۈجە ئا-
نىسىدىن دان چوقۇشنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ ئائىلى-
دىكى شاد- خۇراملىق، قوشنىلار ئارا ئىناق كەيپىيات نيۇ ناغى-

مۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر
قوشنىلىرىنىڭ باللىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىدىكى ۋە
دەرس تەكرارلىشىدىكى يېتەكچى ئۇستازى بولۇپ كەلدى. بۇ
ئولتۇراق رايوندىكى باللار كۈندە دېگۈدەك نيۇ نانىڭ قېشىغا
چىقاتتى، بەزىدە نيۇ نا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىرلىكتە دەرس
تەكرارلايتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا بىرى ئۆزئارا تىل، مەدەنىيەت ئۆ-
گەنسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىدە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئىدى-
يەسىنى تۇرغۇزاتتى. ھەر مىللەتتىن بولغان ئاشۇ ئوماقلارنىڭ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق ناخشىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقاندا،
ئاندىن تەرەققىياتنىڭ بۈيۈك سىمفونىيەسى تېخىمۇ ئەۋجىگە
چىقاتتى......

# ئارغىماق ئۇزۇن يولدا سىنىلىدۇ

چيەن خەييەن خىزمەتكە قاتناشقان 30 نەچچە يىلدا نۇرغۇن داۋانلاردىن ئاشتى، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى يەتكۈچە باشتىن كەچۈردى. ئەينى چاغدىكى 18ياشلىق ئاق سېكىلەكىنىڭ مانا ھازىر چاچلىرىغا ئاق كىردى، تېنى ھالسىردى، لېكىن ھازىرغىچە يەنىلا مۇرىسىدىن سىنئالغۇ چۈشۈپ باقمىدى. ئۇ يەنىلا شۇنداق كەم سۆز ۋە تەمكىن. خۇددى كوندلارنىڭ «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگىنىدەك، بۇ زېمىن تەر تۆككەن ئەۋلادلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت خەزىنىسىدىن تېگىشلىك نېسىۋە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

چيەن خەييەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك رادىيو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستادسىسى ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا جەمئىي 500 نەچچە پارچە خەۋەر ۋە ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ يازغان «توقسۇ ناھىيەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر پۇتۇن كۈچى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتتى» ناملىق خەۋەر شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ «مول ھوسۇل لوڭقىسىنى تالىشىش» مۇسابىقىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «دېھقانىنىڭ ھويلىسىدىكى يىغىپ ساقلاش ئۆيى»، «ئىمىن توقىنىڭ قىزىل ناخشىسى»، «گىجىم رومال تېخنىكىسىنى ساقلاپ قالغۇچى» قاتارلىق خەۋەرلەر 2010 - ، 2011 - ، 2012 - ، 2013 - يىللىرى

ئاپتونوم رايونلۇق راديو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. چيەن خېيىەن 2012 - يىلى يازغان «توقسۇ سەنىمى»، «ساز پادىشاھى ۋە ساز كەنتىنىڭ ھېكايىسى»، «مېيىپ ئايالنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى»، «توقسۇدىكى ئۇسسۇل ۋارىسى» قاتارلىق خەۋەرلەر ۋىلايەتلىك مۇنەۋۋەر پىروگراممىلارنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «78 ياشلىق موماي قۇم - بوران بىلەن تىركەشكەن 40 يىل» ناملىق راست ئىشلار خاتىرىسى ۋىلايەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «كۆك ئاسمان قەدىمىي يولنى پىيادە كېزىش» ناملىق ماقالىسى ۋىلايەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. چيەن خېيىەن نەچچە ئون يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ھەر يىلى دېگۈدەك «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى، يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناھىيەلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى؛ 2005 - ، 2006 - يىلى شىنجاڭ گېزىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر خەۋەر ئاخباراتچىسى» شەرىپىگە، 2006 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» شەرىپىگە، 2009 - يىلى 5 - ئايدا ناھىيەلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «تۆھپە يارىتىش ئەخلاق نەمۇنىچىسى» شەرىپىگە ئېرىشتى؛ 2009 - يىلى ۋىلايەت بويىچە « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس»، 2009 - يىلىدىن 2013 - يىلىغىچە ئۇدا بەش يىل مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى؛ 2011 - يىلى ناھىيە تەرىپىدىن «تۆھپىكار شەخس» دەپ خاتىرىلەندى؛ 2013 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى ئۇ-

يۇشتۇرغان «ئەڭ گۈزەل شىنجاڭلىقلارنى كۆرسىتىش ۋە سايـ-
لاپ چىقىش» پائالىيىتىدە «ئەڭ گۈزەل شىنجاڭلىقلار» دېگەن
نامغا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە توقسۇ ناھىيەسى تەرىپىدىن 2 - نۆ-
ۋەتلىك «ئەڭ گۈزەل توقسۇلۇقلار» شەرىپىگە ئېرىشتى؛ 2015 -
يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچىدە
داغدۇغىلىق ئېچىلغان «ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى
يىغىنى ۋە 7 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيا-
تى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى»دا «ئاپتونوم رايون بويىچە 7 -
قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە
شەخس» بولۇپ باھالاندى.



چيەن خەيیەن مۇنداق دېدى: «شەرەپ ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك
قىلىدۇ. مەن ئاخبارات خىزمىتى بىلەن تەقدىرداش، شۇڭا ئۆ-
زۈمنىڭ ئەينى چاغدىكى تاللىشىمغا ئۆكۈنمەيمەن، شۇنداقلا
رەھبەرلىكنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللى-

غانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ئاخبارات خىزمىتى ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاشنى خالايمەن!»

مانا بۇ چيەن خەيپەننىڭ يۈرەك سۆزى، بىر ئاخبارات، تەشۋىقات خادىمىنىڭ پىداكارانە روھى، بىز ئۆگىنىشكە، خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇساپىمىزدە ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان روھ......

# ئۇلۇغلۇق ھەممەتتىن تاپىدۇ بېزەك



— ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس ئايۇپ ھەققىدە

# خاسىيەتلىك قار

خاسىيەتلىك قار پۈتكۈل كائىناتقا ئاجايىپ كاتتا سوۋغات ئىنئام قىلدى. بىزدە «ۋاقتىدا ياغقان قار كېيىنكى ھوسۇلدىن دېرەك بېرىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. تەبىئەت ئىنسانلار ئۈچۈن 2014 - يىلىنىڭ بېشىدىلا بۇ ئۇلۇغ خاسىيەتنى جۇد - شىۋىرغىنىنى توپىلارنى پۈر - پۈر ئۇچۇرۇپ تۇرغان توپىلىقلارغا، ئېتىزلارغا، كەڭ دالا - ئېدىرلىقلارغا سېخىيلىق بىلەن چاچتى. تۈن كېچىدىن باشلاپ چۈشۈۋاتقان قار زېمىنغا 10 سانتىمېتىردىن قېلىنراق ئاق يېپىنچىنى كىيدۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرگەندى.

2014 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شايار ناھىيە قىزىل بايراق يېزا قاشتوغراق كەنت 1 - مەھەللە ئەزاسى ئايۇپ تايۇپ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 9دا كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرى بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچىدى، شۇڭا ئالاقىچى ئايۇپ تايۇپ ئەتىگەندە ئىشخانىلارنى تازىلىۋېتىپ، ئاندىن كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرىغا خەۋەر قىلماقچى بولغانىدى. ئۇ كونا، قېلىن سوكنا چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ، تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ھويلىغا چىققاندا، ساناقسىز قار ئۇنىڭ يەلكىسىگە قوندى.

― پاھ - پاھ! قار يېغىپتۇ - دە! ― ئۇ خۇشاللىقتىن تۇمان ئىچىدە ئۈچۈشۈۋاتقان قارلارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ― ياخشى بولدى، قىشتا قېلىن قار ياغسا، دېھقانغا ئامەت كېلىدۇ، ―

ئۇ دەرۋازىنى ئىچىپ نەم ھاۋادىن قانغۇچە نەپەسلىنىۋالغاندىن كېيىن، قارلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ كەنت ئىشخانىسىغا كىرگەندە، تامغا ئېسىقلىق سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى 5 بەشنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاخشام سائەت 11گىچە ئېچىلغان كەنت خىزمەتچىلىرى يىغىنىدىكى ئالدىراش كەيپىيات تېخى تۈگىمىگەندەك ئۈستەلدىكى ماتېرىياللار يىغىشتۇرۇلمىغان، تاماكا ئىسلىرىنىڭ ئاچچىق ھىدى تېخى تارقاپ بولالمىغان، ھەتتا ئاخشام كۆمۈر سېلىپ قويۇلغان مەشتىكى ئوتمۇ تېخى تولۇق ئۆچمىگەنىدى. ئايۇپ تايۇپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى، ئاندىن مەشنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، داشقاللارنى مەشنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەنگەن كۇل بىلەن قوشۇپ تۆكۈۋېتىپ، كۆمۈر بىلەن بىرئاز قۇرۇق ئوتۇن ئېلىپ كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىشخانا ئىچىگە ئۇچۇپ كىرگەن قار ئۇچقۇنلىرى دېرىزە ئالدىدىكى ئۈستەل ۋە يەرنى ھۆللەپ بولغانىدى.

— پاھ - پاھ! كاساپەتلەر!

ئۇ ئۆزىگە گەپ قىلىشقا ئامراق ئىدى، يالغۇز قالغاندا قار ئۇچقۇنلىرى كۆز ئالدىدىكى مەيلى زىرائەت، مەيلى دەرەخ ياكى شامال بولسۇن، ھەممە نەرسە بىلەن مۇڭدىشالايتتى. بۇ ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە بىر ئادىتى ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئەتىگەندىلا قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن پاراڭلىشىشنى باشلىۋەتتى:

— ئۇچقۇنلىرىڭ بىلەن ئۈستەلنى، يەرنى ھۆللەپ بەرسەڭ مەيلى، لېكىن ماۋۇ قەغەزلەرنى ھۆللىۋەتمە، چۈنكى بۇ دېگەن مۇھىم ماتېرىيال، ئۇنى ھۆل قىلىۋەتسەڭ، خەتنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ، شۇجى ماڭا: «ماتېرىيالنى نېمە قىلدىڭ؟ بۇ نېمىش؟» دېسە، ساڭا دۆڭگىسەم ئىشىنەرمۇ؟ سەن ماتېرىيالغا چېقىلماي،

تاماكا ئىسلىرىنى، كۆل تۈزۈندىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكىنە! ھە، ماۋۇ ئىشىڭ بولدى. توختا، ئاۋۇ ماتېرىيالنى يىغىشتۇرۇۋالاي. ھە، ئەمدى كىرە. كەچكىچە تاماكىلا چەككەن بۇ بەڭگىلەر!...... بولسا مۇشۇ بەڭگىلەرنىڭ ئۆپكىسىدىكى تاماكا ئىسىنىمۇ چىقىرىۋەتكەن بولساڭ، — ئۇ تۇيۇقسىز قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى، — ھاي - ھاي! مېنىڭكىنى ئەمەس، شۇنداق دەپ قويسام، مېنى يۆتەلدۈرگىلى تۇردۇڭغۇ؟ توختا، ئاۋۋال مەشكە ئوت قالىۋالاي، ھېلى ھەممىڭنى قوغلايمەن بۇ يەردىن!

ئۇ ئوت قالاپ بولۇپ، دېرىزە ۋە ئىشىكنى يېپىۋەتتى. گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىغان ئوتنىڭ ھاراريتى بىردەمدىلا ئىشخانىنى ئوبدانلا ئىسسىتىپ قويدى. ئۇ زالدىكى مەشكىمۇ ئوت قالاپ، ھەممە ئىشخانىلارنى سۈپۈرۈپ، ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى تۈگەتتى. سائەت 7 بولاي دەپ قالغانىدى.

— ھە، ئەمدى بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ھېلى پارتىيە ئەزالىرى بايراق چىقارغىلى كېلىدۇ. ئۇلار بايراق چىقىرىپ بولۇپ ئىشخانىغا كىرگەندە توڭلاپ كەتسە بولمايدۇ. مەن ناشتا قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرىپ كېلەي.

ئۇ مەشلەرگە قايتىدىن كۆمۈر لىقلاپ قويۇپ، ئىشىكلەرنى تاقاپ، ئۆيىگە ماڭدى. شۇ تاپتا ھەممە ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆي - ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن چىقىۋاتقان ئىس ئالدىراش چۈشۈۋاتقان قارغا تەسىر قىلدىمۇ، قار ئۇچقۇنلىرى بايىقىدىن سەل پەسلەپ قالغاندەك تۇراتتى. ئايۇپ تايۇپ ئاندا - مۇندا ئادەم ئىزى چۈشكەن كوچىلارنى دەسسەپ، ھويلىسىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈك ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. كۆۋرۈك ئۈستىدە قارا بىر نەرسە چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ يېقىن كېلىپ بىر قەغەز يەشىكنى كۆردى. بۇ نېمىدۇ؟

— سەن...... نېمە ئالامەت! ئىچىڭدىكى نېمە، بۇرادەر؟ توختا، ئېچىپ كۆرۈپ باقاي، بۇ......بۇ، — ئۇ چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇنغىنى يوغان پوسما ئىچىدە ئىسسىق تىنىپ ياتقان بىر بوۋاق ئىدى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ھويلىسىغا كىرىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ كەتتى.

— ئانىسى! ئانىسى! دەرھال بۇ يەرگە چىقىڭلا، تېز بولۇڭلا دەيمەن!

چەينەكتىكى ھازىرلا قاينىغان چاينى چايدانغا قۇيۇشقا تۇتۇنغان ئامىنىخان ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئوھوش، ئەتىگەندە جىن تەپتىمۇ ماۋۇ ئادەمنى؟ نېمە ۋارقىرايسىلە ئادەمنى قورقۇتۇپ!

— بولە، ئىلدام چىقە! ۋاي نېمىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، بۇ ئادەمنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقىنى، — ئامىنىخان قايناق سۇنىڭ يېرىمىنى چايدانغا، يېرىمىنى يەرگە تۆكۈپ، چايداننىڭ ئاغزىنىمۇ ئەتمەي، ئىشىكنىمۇ ياپماي ھويلىغا چىقتى. ئۇنىڭغىچە ئايۇپ ئاخۇن كۆۋرۈك ئۈستىدىكى يەشىكنى قولىغا ئېلىپ، ھويلىغا كىرىپ بولغانىدى.

— نېمە بۇ؟ يەشىك كۆتۈرۈۋاپلىغۇ؟ ئالتۇن تېپىۋالمىغانلا ھە؟ ئەجەب ۋارقىرايدىيا بۇ ئادەم!

— بولە، چىراغنى ياق! ئالتۇندىنمۇ قىممەت نەرسە.

— چىراغ ياق دەۋاتقىنىنى، چىراغ يېقىپ بولغىلى نەۋاق، ئالدىراڭغۇ قېرى!

ئۇلار سوڭدىشىپ مېڭىپ ئۆيگە كىردى، ئايۇپ ئاخۇن قەغەز يەشىكنى كاڭغا قويدى.

— نېمە بۇ؟ ۋاي خۇدايىم! بالا؟! بۇ بالىنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭلا؟

ئامىنىخان قەغەز يەشكىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىن بوۋاقنىڭ بېشىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. قاداقلىشىپ يېرىلىپ كەتكەن ئىككى جۈپ قول بىر - بىرىدىن ئۆتە تىترىشىپ، ساندۇق ئىچىدىن يىپيېڭى، يۇمشاق يۆگەككە ئورالغان بوۋاقنى چىقىرىشتى.

ــ تـوۋا خۇدايىم! بۇ نېمىش؟ توختا، يەنە باشقا نېمىمۇ بار - دەك قىلىدۇ.

ساندۇقتا يەنە بىر قاپ ئاغزى ئېچىلمىغان سۈت تالقىنى، بىر ئېمىزگۈ، تۆت قۇر كىيىم، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تۆت يۆگەك، تېخى سوۋۇمىغان بىر گېرىلكا بار ئىدى. ئايۇپ ئاخۇن بىرنېمىنى سەزگەندەك ئايالىنى بۇيرۇدى:

ــ هەي، دەرهال قوشنىمىز ئاسىيەخاننى چاقىرە!

ئامىنىخان چاپىنىنىمۇ كىيمەي، ياغلىقىنى ئارتىپلا سىرتقا يۈگۈردى.

ئايۇپ ئاخۇن بالىنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي كەنت كاتىپى ئاسىيە بىلەن ئامىنىخان كىرىپ كەلدى.

ــ بۇ بالىنى كىم تاشلاپ قويغاندۇ؟ ــ دېدى ئاسىيە.

ــ مەنمۇ بىلمىدىم. قاراڭ، ئاسىيەخان، بالا شۇنداق ئىسسىق تۇرۇپتۇ، يۆگەكنى يالاۋاتىدۇ. بول خوتۇن، بالىنىڭ قورسىقى ئاچقان ئوخشايدۇ، دەرهال سۈت تالقىنىنى تەڭشىگىن!

ــ تۇرۇپ تۇرمامسىلە، يۆگەكنى تولۇق يېشىپ ئوبدان بىر كۆرەيلى. ئاسىيەخان، بۇ بالا قىزمۇ، ئوغۇلمۇ؟ ساقمۇ، مېيىپمۇ، بىر قاراپ باقىلى؟

ــ هەي، نېمانداق ئەزمىلىك قىلىدىغانسەن! قىز بولسا نېمە بوپتۇ، ئوغۇل بولسا نېمە بولماپتۇ. مېيىپ بولسا نېمە بولماقچى؟ بولمىسا يەشىككە قايتا سېلىپ، سەنمۇ كوچىغا ئە-

چىقىپ تاشلىماقچىمۇيا؟

— يائاللا، ساراڭ قىزى. كوچىغا ئەچىقىپ تاشلاي دېدىممۇ؟ ئوبدانراق كۆرۈپ باقايلى دېدىم شۇ. مانا بولدىمۇ؟

ئامىنىخان چايداندىن چاي قۇيۇپ، سۈت تالقىنىنى تەڭشەپ، بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئەمدۈرۈشكە تۇتۇندى.

— قوزام، ئاناڭ كىمدۇ؟ ئاتاڭ كىمدۇ؟ نېمىدەپ بۇ قاق سەھەردە ئىشىك ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالغانسەن؟ ئاناڭ تاشلىۋەتكۈدەك نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىڭ؟ مەندە سەن قېنىپ ئەمگۈدەك مۇشۇنىڭدىن باشقىسى بولمىسايا؟

بېشىنى ئىككى تەرەپكە سۈركەپ، سۈزۈك كالپۇكلىرى بىلەن يۆگەكنى يالاپ تۇرغان بوۋاق ئېمىزگۈنى كۈچەپ شوراشقا باشلىدى. بوۋاقنىڭ ئېمىزگۈ ئېمىۋاتقان ھالىتى ئامىنىخاننىڭ تېنىگە «شۇر» قىلىپ ئىسسىق بىر ھارارەتنى تەپتى.

— قورسىقى تازا ئېچىپتىكەن - دە، بۇنىڭ، — بوۋاينىڭ باياتىن ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچەيگەن كۆزلىرى «غۇرت - غۇرت» قىلىپ سۈت ئېمىۋاتقان بوۋاققا تىكىلدى.

— ھە، كېلە بالام، ئاستىڭ ھۆل بولۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە، ئەجەب تولا تولغىنىسەنغۇ؟ — ئامىنىخان يۆگەكنى يېشىپ، بوۋاقنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداشقا تۇتۇندى.

— ئامىنىخاچا، بۇ يەرگە قارىسىلا! — ئامىنىخانغا ياردەملىشىۋاتقان ئاسىيە بوۋاقنىڭ پۇتىنى كۆرسەتتى. ئامىنىخان چۆچۈپ كەتتى.

— توۋا! ھوي ئاتىسى، بۇياققا قاراڭلا! تېز بولۇڭلا!

— نى...... نېمە بولدى؟— ئەمدىلا چاپىنىنى سىلىشقا تۇتۇنغان ئايۇپ ئاخۇن ئامىنىخاننىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى.

— قاراڭلا، بۇ بالىنىڭ پۇتى يوقكەن!
— ھەي، پۇتى تۇرمامدۇ!
— ياق، پۇتىنىڭ بارماقلىرى. يەنە ماۋۇ قولىغا قاراڭلا!
دەرۋەقە، بوۋاقنىڭ پۇت ۋە قولىنىڭ باش ۋە ئوتتۇرا بارمىقى چورتلا يوق بولۇپ، پۇت ۋە قولىنىڭ بارماقلىرى ئورنىدا نەچچە تال تۇۋۈي ئىنچىكە، ئۇچى بارماققا ئوخشايدىغان يۇمشاق گۆشلەر «لىك - لىك» قىلىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى.
— تۇۋا!
— بىكار تاشلىۋەتمەپتىكەن - دە، دەردى باركەن ئەمەسمۇ؟
— شۇنداق تۇرىدۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، ئاتىسى؟
— قانداق قىلاتتىڭ، سەنمۇ ئەچقىپ تاشلامتىڭ بۇنى؟ بىر تىرىك جان تۇرسا؟
— بۇنى ئۇقمەن، لېكىن بۇ بالا مېيىپ تۇرسا؟
— قارىسىلا ئايۇپكا، — دېدى ئاسىيە بىر ئىشنى بايقاپ قالغاندەك، — بوۋاقنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ باقىلىمۇ؟ ماۋۇ كىيىم - كېچەكلىرى، يۆگەكلىرىدىن قارىغاندا، بۇ خەنزۇنىڭ بالىسىدەك قىلىدۇ.
— نېمە؟ — ئۇلار قايتىلاپ بوۋاققا زەن سېلىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ بوۋاقنىڭ يۆگەكلىرىدىن باشقا، قاش - قاپاق ۋە قاڭشىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.
— مەيلى خەنزۇنىڭ بالىسى بولسۇن ياكى مېيىپ بولسۇن، ئۇنى داۋالىتىپ باقمىساق بولمايدۇ. تېز، بالىلارنى چاقىر، ھەممىسى كەلسۇن؟
ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئۆيدە ئىككى قىز، بىر ئوغۇل پەيدا بولدى. ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئۈچ بالىسى بار بولۇپ، بىر قىزى ياتلىق قىلىنغان، بويىغا يەتكەن بىر قىزى بىلەن بىر ئوغلى يان ئۆيدە ئىدى.

— بۇ بالىنى سىلەر بېقىپ بولالمايسىلەر. مېنىڭچە، بوۋاقنى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى، — دېدى ئاسىيە جىددىي تەلەپپۇزدا.

— شۇنداق قىلايلى، ئانام كېسەلچان، سەنمۇ كېسەلنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقىلى 20 يىل بولدى. بالا دېگەننى بىرنەچچە كۈندىلا چوڭ قىلىۋالغىلى بولمىسايا!

— شۇنى دەيمىنا، يەنە كېلىپ مېيىپ تۇرسا، — ئىككى قىز بىر - بىرىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، غوتۇلداشقىلى تۇردى.

— ھە، سەن نېمە دەيسەن؟ — ئايۇپ ئاخۇن گەپ قىلماي جىم تۇرغان ئوغلىنى نوقۇدى.

— مېنىڭچە...... مېنىڭچە، بىزنىڭ نېمىلا دېگىنىمىز بىكار، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلەرسەن. بىزنى دەتالاشقا سېلىپ قويغىنىڭ بىلەن، سەن ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولدۇڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ مەشنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلدى.

ئايۇپ ئاخۇننىڭ بۇ ئوغلى كەسپىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، كېلەر يىلى ئۆيلەنمەكچىدى.

— توغرا، مەن قارار قىلىپ بولدۇم، بالىنى ھېچكىمگە بەرمەيمىز. بۇ بالا مۇشۇ ئۆينىڭ بالىسى، ئۇنى ئۆزىمىز باقىمىز!

— ئاتا، ئويلىنىپراق گەپ قىل، بۇ بالا مېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خەنزۇنىڭ بالىسىكەن، ئانىسى باقماي تاشلىۋەتكەن بالىنى بىز نېمىدەپ باقىدىكەنمىز؟

— بولدى - بولدى! قالايمىقان گەپ قىلما، خەنزۇ بولسا نېمە بوپتۇ؟ نېمە دەيدىكىن دېسەم، ئېلىشتۇرغىلى تۇردىغۇ بۇلار.

— ھەي! — ئامىنىخان ئەمدى تاقەت قىلالمىدى، — ئەمدى ئۆزلىرى باقسىلا! مەن ياش ۋاقتىمدا بالا بېقىپ بولغان، ئەمدى قېرىپ، مۇشۇ ھالغا كەلگەندە، بىر مېيىپ بالىنى......

— ھەي، بۇ بالا ساق بولغان بولسا، ئاتا - ئانىسىمۇ تاشلىۋەتمىگەن بولار ئىدى. ھازىر بۇ بالىنى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكىلەرگە ئاپىرىپ بەرگەن ھالەتتىمۇ، ھامان بىر كىم باقمىسا بولمايدۇ. لېكىن، كىممۇ بۇنداق بالىنى ئۆزىگە جاپا سېلىپ بېقىشنى خالىسۇن؟ بۇ بالا ئۆزىگە ئۆۋا تاپقۇچە سازايى بولۇپ نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ بىز «بۇ بالىنى بالىمايمىز» دېسەك، باشقىلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ ئىنساب، ۋىجدانىمىز بىلەن ئىش قىلايلى، بالىلىرىم!

— ئەمىسە ئاتا، بالىنى باقتۇقمۇ دەيلى، پۇت - قولى مۇشۇنداق تۇرسا، داۋالاتقان بىلەنمۇ ساقىيامدۇ؟

— ھازىر پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ كەتتى، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن!

— ماقۇل، پەن - تېخنىكىغىمۇ ئىشىنەرسەن، ئەمىسە يانچۇقۇڭغىچۇ؟ دوختۇرلارمۇ پۇلنى كۆرۈپ داۋالار؟

— ئايۇپكا، — بايىدىن بېرى جىم تۇرغان ئاسىيە گەپكە ئارىلاشتى، — سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارمۇ ئۇنچىۋالا باياشات ئەمەس، بىر ئائىلىدىكى نەچچە جان 10 مو يەرنىڭ ھوسۇلىغا قاراشلىق، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى يار بەرمەسمىكىن؟

— مەيلى، قەلەندەر بولۇپ كەتسەممۇ داۋالىتىمەن!

ئايۇپ ئاخۇن قىزلىرى بىلەن دەتالاش قىلىۋاتقاندا، ئامىنەخان بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ، بىر نېمىلەرنى چايناپ، بوۋاققا يېگۈزۈۋاتاتتى.

— نېمە قىلىۋاتىدۇ ماۋۇ خوتۇن؟

— نېمە قىلاتتىم؟ — ئامىنىخان چاينالغان سۈيۈق ھەم ئاپپاق مېغىزنى بوۋاقنىڭ ئاغزىغا ھەدەپ تىققىلى تۇردى، — شەرتنى قىلىپ ئېغىزلاندۇرۇپ قويدۇم. ھە، مېغىزدەك تاتلىق

گەپ قىلىدىغان قىزىم بولۇڭ ـ ھە! قاراڭلا ئاتىسى، «يەنە بار ـ مۇ؟» دەپ كالپۇكىنى يالاۋاتىدۇ. توۋا، يەرگە چۈشسىلا، قورساق دەپ چۈشىدۇ ـ ھە؟!

ــ يەنە ئازراق يېگۈزۈپ قويامسىلەيا؟ ــ دېدى ئايۇپ ئاخۇن بوۋاقنىڭ بېشىغا كېلىپ، ــ پاھ ـ پاھ! قاراڭلا، تېتىغان چې ـ غى، تىللىرىنى تامشىتىپ كېتىۋاتىدۇ!

ــ بولدى، يېگۈزۈۋەرگەن بىلەن سىڭمەيدۇ.

ئىككى قىز بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئانىسىغا قاراپ غوتۇل ـ داشقىلى تۇردى:

ــ ھەي، ئانام ئاغزىدا باقمايمەن دېگىنى بىلەن، يەپ كېتەي دەۋاتامدۇ؟

ــ شۇنى دەيمىنا، بىزنىڭ دېگىنىمىز بىكار ئوخشايدۇ. جاپا تارتقۇسى كەلسە، تارتىپ باقامدۇ.

ــ نېمىدەپ كۇسۇلدىشىۋاتىسەن؟!

ئاتىسىنىڭ غەزەپ بىلەن ھۆرپەيگىنىنى كۆرگەن ئىككى قىز چۆچۈپ كېتىشتى.

ــ بولدى، تالاشمايلى! ئۆيمۇ ئىسسىپ قالدى، ــ دېدى ئا ـ مىنىخان، ــ قىزىم، داس، چۆگۈنلەرنى تەييار قىلىڭلار، بالىنى يۇيۇندۇرۇپ، ئىسسىق قويمىساق بولماس.

بىر دەمدىلا ناۋات، قۇرۇتۇلغان گۈلنىڭ خىلمۇ خىل چې ـ چەكلىرى چىلانغان سۇمۇ تەييار بولدى.

ــ ئاۋۇ...... قۇلىقىڭدىكى ئالتۇن ھالقاڭنىمۇ تاشلا! ئال ـ تۇن سۈيى قىلىپ يۇيىمىز، ــ ئامىنىخان چوڭ قىزىغا بۇيرۇق قىلدى.

ــ ئانا، ئاران تۇرۇپتىكەنسەن ـ ھە! بىزگىمۇ بۇنچىۋالا قىلمىغان بولغىيتتىڭ؟ تۇرۇپ تۇرە، سۇ سەل قىزىقتەك تۇرد ـ

دۇ، ــ چوڭ قىزى يېڭىنى تۇردى، ــ ئەكېلە، مەن يۇياي! سېنىڭ قولۇڭ بەك يىرىك، ئاغرىتىۋېتىسەن.

ــ هەي، بارماقلىرىنى تۇتما، لىكىلداپ تۇرسا، ئاغرىيدىغاندۇ؟ بوشراق تۇته! ــ كىچىك قىزىمۇ داسنىڭ يېنىغا ئۆتتى. دەسلەپتە بوۋاقنى بېقىشقا قۇشۇلمىغان ئىككى قىز ئەمدىلىكتە بالىنى ئانىسىغا تۇتقۇزمايۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بالىنى يۇيۇپ، زاكىلاپ قويدى.

ــ هە، ئەمدى قىلىدىغان يەنە نېمىش بار؟ ــ دېدى ئايۇپ ئاخۇن يېنىك تىنىپ، ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاقنىڭ بېشىنى سىلاپ.



ــ نېمىش بولاتتى؟ بالىغا چىرايلىق ئىسىمدىن بىرنى تاللاپ قويىمىز.

ــ ئەمىسە، ماۋۇ ئۈچىڭلار ئوبدان ئىسىمدىن بىرنى تېپىڭلار!

ــ ئايگۈل قويايلى! بىزنىڭ ئىچىمىزدە شۇ ئىسىم يوق.

— ياق، ئايگۈل قويمايمىز، ئايجامال قويمىز!
— ياق، گۈزەلئاي قويىمىز!
ئۆينىڭ ئىچىدە ئىسىم تالىشىش باشلىنىپ كەتتى.
— ئىسمىڭىز ئايزىبا بولسۇن!

# ئايزىبانىڭ يېڭى قىسمىتى

ئايۇپ ئاخۇننىڭ تاشلىنىۋېتىلگەن بىر خەنزۇ مېيىپ بوۋاق-نى بېقىۋالغانلىق خەۋىرى يۇرت ئىچىگە پۇر كەتتى. بوۋاقنى كۆرگىلى كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

— بالىنى سىلەر بېقىپ بولالمىغۇدەكسىلەر، ئايۇپ ئاكا، بالىنى ئېلىپ كېتەيلى، — دېدى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن كەلگەن كادىرلار.

— نېمە؟ سىلەر بۇ بالىنى ئەكېتىپ نېمە قىلماقچى؟

— نېمە قىلاتتۇق؟ باشقا بىرسىگە باققىلى بېرىمىز. بالا مېيىپكەن، ئۇنى داۋالىتىش كېرەك.

— مەن باقالمامدىكەنمەن، داۋالىتالمامدىكەنمەن؟!

ئەزەلدىن بىرسىگە قاتتىقراق گەپ قىلىپ باقمىغان ئايۇپ ئاخۇننىڭ پوكاندەك قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئىككى كا-دىر ئوڭايسىزلانغىنىچە قايتا بىرنەرسە دېمەي كەينىگە يېنىش-تى.

— بالىنى كىمگىلا بولسا كۆرسىتىۋەرمە خوتۇن، چەتتىنەپ كېتىدۇ! — دېدى ئايۇپ ئاخۇن ئامىنىخانغا بۇيرۇق قىلىپ.

— قانداق قىلىمەن؟ ھەممىسى كۆرىمىز دەۋاتسا؟ — ئامى-نىخانمۇ بوش كەلمەيتتى.

— ھەممىسى كۆرۈۋەرگەن بىلەن، كەچتە يىغلىغىلى تۇر-سا، جاپاسىنى يەنە ئۆزۈڭ تارتاسەن.

— قولۇمدا تۇرغان بالىنى بىر يەرگە تىقىپ قويغىلى بو-

لاتتىمۇ؟

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئەتىسىدىن باشلاپ بالا قىزىپ، يىغلاپ، ئاۋازى ئاران - ئاران چىقىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بوۋاقنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىشتى.

— بۇ بالا بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغانىكەن، شۇڭا ئەينەك ئىچىدىگە سېلىپ كۆزەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر. دوختۇرنىڭ بۇيرۇشى بىلەن سېستىرالار ئايزىبانى ئەينەك ئىچىگە سېلىشتى. شۇ تاپتا ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخاننىڭ قولى ئەمەس، يۈرىكى تىترەيتتى.

— دوختۇر، بالىنى ساقايتقىلى بولارمۇ؟

— داۋالاپ باقامدۇق! مېنىڭچە، سەل تەسرەك تۇرىدۇ.

— ئەمىسە ئۇنى ئەينەك ئىچىگە سولاپ قويىدۇڭلارغۇ؟

— بۇ چالا تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاقلارنى داۋالايدىغان ئۇسۇل. ئۇنى ئاشۇ ئەينەك ئىچىدە داۋالاپ ئوزۇقلاندۇرىمىز ھەم كۆزىتىمىز.

— بىزمۇ يېنىدا تۇرايلىچۇ؟

— بولمايدۇ، سىلەر سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇسىلەر، زۆرۈر بولغاندا سىلەرنى چاقىرتىمىز. لېكىن، بۇنداق داۋالاشقا جىق پۇل كېتىدۇ، شۇڭا پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ كەلمىسەڭلار بولمايدۇ.

— دوختۇر! بۇ......بۇ......

ئامىنىخان گەپ قىلىپ بولغۇچە، ئايۇپ ئاخۇن ئامىنىخاننى قولىدىن تارتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

— ئادەمنى گەپ قىلدۇرمىدىڭغۇ ماۋۇ ئادەم.

— ھەي خوتۇن، — ئايۇپ ئاخۇننىڭ قويۇق قاشلىرى تۈرۈلگەنىدى، — بۇلارغا بىزنىڭ بىرنەرسە دېگىنىمىز بىكار، بۇلارنىڭمۇ تۈزۈمى بار. سىلە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلا، مەن ئۆيدە-

گە بېرىپ پۇل ئېلىپ كېلەي.

— نەدىكى پۇلنى ئېلىپ كېلىدىلا؟ ئۆيدە نېمە بارتى، سىلى بېرىپلا ئېلىپ كەلگۈدەك؟ — ئامىنىخان يىغلامسىراپ ئېرىگە قارىدى. ئايۇپ ئاخۇن گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى.

كەچتە ئايۇپ ئاخۇن كەنتنىڭ شۇجىسىنى باشلاپ كەلدى. بۇ چاغدا ئامىنىخان تېخىچە داۋالاش ئۆيىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ئولتۇراتتى.

— ئامىنىخاچا، ئايزىبا ئەينەك ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىدىغانداك تېخىچە بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاپلىغۇ؟— دېدى شۇجى.

— ۋاي ئۇكام، قېرىغاندا نېمىش ماڭا! — ئامىنىخان ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— بولدى يىغلىمىسىلا، بەك جاپا تارتىپ قالغان بولسىلا، بالىنى باشقىلارغا بېرەيلى.

— جاپا تارتمىدىم، بولمىسا ئالىلقاچان ئۆيۈمگە كەتكەن بولاتتىم، بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئۇكام؟

— مۇنداقلا دەپ قويدۇم، خاپا بولمىسىلا، — شۇجى ئوڭايسىزلىنىپ قالغانىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغلاۋاتىدىلا.

— يىغلىماي قانداق قىلاتتىم ئۇكام؟...... — ئامىنىخان يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، — ئايزىبا يېنىمدا بولغان بولسا، بۇۋاققىچە نەچچە قېتىم سۈت تالقىنى ئەمدۈرۈپ، باشلىرىنى سىلاپ، ئاستىنى قۇرۇقداپ بولاتتىم. ئۇنى ئەينەك ئىچىگە سولاپ قويۇشتى، ئەمگۈسى كەلمەمدۇ ئۇنىڭ.

— ھا - ھا - ھا! ۋاي ئامىنىخاچا، ئۇ بىر داۋالاش ئۈسكۈنىسى. ئۇنىڭ ئىچى ھامىلە ئانىنىڭ قورسىقىدا ياتقان يېرىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان. ئەمدۈرۈش، باشقا ئىشلار ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە. بولدى يىغلىمىسىلا.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ مەن بەك غەم يەپ كېتىپتىمەن.

— ماڭسىلا، كىرىپ كېتەيلى.

— شۇنى دەيمەنا، بۇ خوتۇن ئەزەلدىن مۇشۇنداق. تۇتۇڭلا ماۋۇ پۇلنى، — ئايۇپ ئاخۇن بىر باغلام پۇلنى ئامىنىخانغا تەڭلىدى.

— نەدىن تاپتىڭلا؟ — دېدى ئامىنىخان كۆزىنى چەكچەيتىپ.

— «ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك» دەپ ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۆيدىكى نەچچە خالتا بۇغداينى ساتقىلى كېتىپ بارسام، شۇجى ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بۇغداينى ساتقىلى قويماي، بىرنەرسىلەرنى دەپ تېلېفونلىشىۋاتاتتى، بىردەمدىلا بىرمۇنچە پۇل قولۇمغا يىغىلىپ قالدىغۇ خوتۇن. ھەي، ئايىزىبا قالتىس رىزقىدىلىقكەن جۇمۇ. ئەمدى ياخشى بولدى، يۈرۈڭلا، ئالدى بىلەن ماۋۇ پۇلنى دوختۇرخانىغا تاپشۇرۇۋېتەيلى.

— ئايۇپكا، ماۋۇ 1000 كوينى يېزىدىن ئەۋەتتى جۇمۇ.

— ھە!...... ئۇلارغىمۇ قول تەڭلىدۇقمۇ ئەمدى.

— ھازىرچە مۇشۇ بولۇپ تۇرسۇن، يەتمەي قالسا، يەنە بىر بار.

شۇجى بىرمۇنچە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇپ بېرىپ قايتىپ كەتتى.

كەچ، كېسەلخانا بىناسىنىڭ ئالدى. ئاندا - ساندا ئۇيان - بۇيانغا ئۆتۈۋاتقانلاردىن باشقا، سالقىنلاپ سىرتقا چىقىۋالىدىغانلار ئەمدى يوق ئىدى. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت. كېسەلخانىلاردىكى ۋە يول بويىدىكى چىراغلارنىڭ غۇۋا يورۇقى 1 - ئاينىڭ سوغۇقىغا سەل - پەل ئىللىقلىق بېرىۋاتقاندەك ئىدى. مەيداننىڭ چېتىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئىككى گەۋدە بىر - بى-

رىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— ئانىسى، دوختۇرلار ئايزىبانى ساقايتالارمۇ؟

— ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىڭلار دەيدۇ.

— دىمىسىمۇ ئايزىبانىڭ دەردى خېلى بار. چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمايدۇ.

— دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، ئايزىبا بىر ئەمەس، نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيەگە چۈشىدىكەن.

— بىچارە بالام...... — ئامىنىخان يەنە ئېسەدەشكە باشلىدى، — كىچىككىنە بالىغا نېمە تارتقۇلۇق بۇ؟ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا جىمى ئېغىرچىلىقنى كۆرىدىغان بولدى!

— بولدى - بولدى، — تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قاتتىق بىر قول ئامىنىخاننىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىشقا باشلىدى، — يۈرىكىمنى ئەزمەڭلا، قانداق قىلىمىز؟ ئۇ ساقايسىلا مەيلى ئەمەسمۇ.

— تېزرەك ساقىيىپ قالسا مەيلىتتىغۇ؟ ......

— يائاللا! بۇ سوغۇقتا سىلەرگە تالادا نېمە بار؟ توڭمىدىڭلاما؟ — ئايۇپ ئاخۇننىڭ چوڭ قىزى تۇيۇقسىز گەپنى بۆلدى.

— ۋاي، قاچان كەلگەنتىڭ؟

— ھېلىلا كەلدىم. ياتاقتىكىلەر سىلەرنى تالاغا چىقىپ كەتتى دېگەنتى. بۇ سوغۇقتا نېمىشقا تالادا ئولتۇرىسىلەر؟ ئاغرىپ قالساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ خەقنىڭ يېگىنىگە قاراپ، كىم ماڭا قاچىسىدىكى ئېشىدىن بۆلۈپ بېرەكىن دەپ، كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ ئولتۇرساق بولامتى؟

— سىلەرمۇ تاماق ئەكىرىپ يېسەڭلار بولمامدۇ؟

— ۋاي بالام، سەنمۇ بىر ئۆي تۇتقان ئادەم، بىز ھازىر پۈتۈن

بىساتىمىزنى يىغىپ، ئايزىبانى داۋالىتىمىز دەۋاتىمىز، تاپقاننى قورساققا تىقىۋەرسەك، پۇل توشامدۇ؟

— ھە؟ قىرىغاندا ئۆزۈڭ تىلەپ تاپتىڭ بۇ جاپانى.

— ھۇ، بىغەرەز، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قاچا ئاش كۆتۈرۈپ كېلىپ، بۇنداق تاپا قىلىدىغان بولساڭ، كەلمە بولدى، ساڭا قورسىقىمىز ئاچتى، پۇلىمىز يوق دەپ ئىغىز ئېچىپ باقتۇقمۇ؟

— بولدى قىلىڭلا ئاتىسى، خاپا بولماڭلا، يۈرۈڭلا كىرىپ كېتەيلى، — ئامىنىخان مىشىلداپ يىغلاۋاتقان قىزىنى تارتتى، — ئاتاڭنىڭ ئاچچىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۆزۈڭ دەيدىغاننى دەپ، ئارقىدىن مىشىلدايدىكەنسەن. ماڭ، كىرىپ كېتەيلى.

دوختۇر نەچچە كۈندىن كېيىن ئايۇپ ئاخۇن ئەر - خوتۇننى چاقىرتىپ:

— قىزىڭلارنى ھازىر قولۇڭلارغا بېرىمىز. كۆزىتىشىمىزدىن قارىغاندا، قىزىڭلارنىڭ ئاساسي ئەزالىرىدا چوڭ مەسىلە يوقكەن. ئەمدى ئۆيدە كۈتۈنسە بولىدۇ، لېكىن بەش ئايدىن كېيىن ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، چوڭراق دوختۇرخانىدا داۋالاتمىساڭلار بولمايدۇ. يەنە بىر گەپ، باشقىلار ئىنكاس قىلدى، سىلەر پۇل تېجەيمىز دەپ نان يەپ، قايناق سۇ ئىچىپ يۈرۈپسىلەر. بىز قىيىنچىلىقىڭلارنى دوختۇرخانا رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلىۋىدۇق، ئۇلار بىر قىسىم داۋالاش خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە قوشۇلدى. ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، — دېدى.

— رەھمەت دوختۇر، رەھمەت، — دېدى ئامىنىخان ھاياجانلىنىپ.

ئايۇپ ئاخۇنلار يۈزىگە قان يۈگۈرگەن، يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتقان ئايزىبانى ئېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئايۇپ

ئاخۇننىڭ قوشنىسى سىراش ئىدرىسھاجىم سېمىز بىر پاقلان-نى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى.

— قانداقراق؟ ئايزىبا قىزىمنى دوختۇرخانىدىن چىقىپتۇ دەيدۇ، ئۇنى كۆرگىلى كەلدىم. ماڭا قارىغىنا قىزىم، — بۇ موي-سىپىت كىشى يۆگەكتە ئۇخلاۋاتقان ئايزىبانى كۆتۈرۈپ، يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ قويدى.

— ئايزىبا ھازىر قانداقراق؟

— ھازىرچە يامان ئەمەس، ئىشتىھاسىمۇ خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئۈرۈمچىگە ئاپارغۇچە مۇشۇنداق تۇرسىغۇ بولاتتى.

— شۇنداق بولار ئىلاھىم! ئاڭلىسام، قويۇڭلارنىمۇ سې-تىپ بوپسىلەر. قوتىنىڭلارغا بىر پاقلان سولاپ قويدۇم. ئايزى-بانى ئوبدانراق كۈتۈڭلار. ماۋۇنى سېلىپ قويۇڭلار، — سىراش ئىدرىسھاجىم يېنىدىن 500 يۈەننى چىقىرىپ سۇندى، — بۇنى ماۋۇ قىزىمغا ئىشلىتەرسىلەر.

— ۋاي ھاجىم، بۇنداق قىلسىلا قانداق بولىدۇ؟ بولدى، رەھمەت، ھېلىمۇ يۇرت ماڭا بەك ياردەم قىلدى. ماۋۇ پۇل سىلى-دە قالسۇن، — ئايۇپ ئاخۇن سىراش ئىدرىسھاجىمنىڭ قولىنى ياندۇردى.

— نېمە قىلىقلىرى بۇ ئايۇپ ئاخۇن؟! — سىراش ئىدرىس-ھاجىم راستىنلا خاپا بولغانىدى، — بالا مېنىڭ دەپلا ئويلاپ قالمىسىلا جۇمۇ! بالا مۇشۇ يۇرتنىڭ، مۇشۇ ئەلنىڭ بالىسى. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭ ھەممى ئىشىغا بىز مەسئۇل. توغرا، سىلى دۇنيا يىغمىغان، لېكىن سىلى ئەلنى سۆيگەن! بۇنى ئەھ-لىمەھەللىدىكىلەر بىلىدۇ. مال - دۇنيا دېگەن ھەممىدىن قالى-دۇ، قولۇمنى قايتۇرمىسىلا.

ئايۇپ ئاخۇننىڭ سىراش ئىدرىسھاجىمنىڭ قولىنى چىڭ

تۇتۇۋالغان بارماقلىرى بوشاپ قالدى.

— ھە راست، — دېدى سىراش ئىدرىسھاجىم ئۆيدىن ئۇزاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ماۋۇ كۆۋرۈكنىڭ ياغاچلىرى بوشاپ ھەم كونىراپ قاپتۇ، يەنە بىرەرسىڭلىگە خەتەر يېتىپ قالمىسۇن، ياغاچچى بىلەن ئۇقۇشۇپ قويدۇم، ھاۋا سەل ئىللىغاندا، باشقىدىن كۆۋرۈك ياسىتىپ بېرىمەن. يەنە تېخى ئوغۇلىنىڭ تويىغا ئاتالغان ئۆينى ساتقىلى ئادەم ئۇقۇشۇۋېتىپلا، مېنىڭچە ساتمىغانلىرى تۈزۈكمىكىن. دۇرۇس، ئايزىباغا ھازىر پۇل كېرەك، ئۇنى بىلىمىز، ئۆينى ساتماي، باشقا ئامال ئويلىشىپ باقساق قانداق؟

ئۆيدىن كۆڭلەكچانلا ئۇزىتىپ چىققان ئايۇپ ئاخۇن بىر ئىللىق سېزىم ئىچىدە ھاجىمنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

# ئەلنىڭ بالىسى

ئايزىبا بەش ئايلىق بولدى. ئۇ ئانا سۈتى ئېمەلمىگەن بول-سىمۇ، ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخان ئۇنى ئانا سۈتىگە تەڭ كەل-گۈدەك ئالىي دەرىجىلىك سۈت تالقىنى بىلەن باقتى. 10 مو يەر-نىڭ ھوسۇلىنىڭ پۇلى، بىر ئائىلىدىكى ئالتە جاننى قانچىلىك باقالايتتى؟ لېكىن، ئۇلار ئايزىبانى ئۆزىمىز باقىمىز دەپ تۇرۇ-



ۋالغاچقىمۇ، بىرەر كىمگە بۇھەقتە بىرنەرسە دېمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ھال ئېيتىشنى نومۇس دەپ بىلەتتى. ئايۇپ ئاخۇن بىلەن

ئامىنىخان چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمىسىمۇ، ئەتراپتىكى قوشنا ۋە ئەھلىمەھەللىدىكىلەر ئۇلار ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى.

شۇڭا، ئۇلار تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئايۇپ ئاخۇن ئائىلىسىگە ياردەم بېرىشنى توختاتمىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئايىزبا ئۇچۇن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەلنىڭ مېھرىبانلىقى، ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخاننىڭ كۆيۇنۇشى، كۇتۇشى بىلەن ئايىزبا ئوبدانلا ئەت ئېلىپ قالدى، ئاپپاق يۇزىگە قان يۇگۇرۇپ، قاشلىرى قاردداپ، كىرپىكلىرى تۆكۇلۇپ تۇرىدىغان چىرايلىق بىر قىز بوۋاقتا ئايلاندى، تېخى ئۆزىچە ئاۋاز چىقىرىپ، دەمدەر ئۇنلىگەندەك بىرنېمىلەرنى دەپ گۇڭراپ كەتسە، ۋىلىقلاپ كۇلسە، ئامىنىخان بىلەن ئايۇپ ئاخۇن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى.

— يائاللا ئانا، بىزگىمۇ مۇشۇنداق كۆيگەن بولغىيمىدىڭ؟ — دېيىشەتتى بالىلىرى.

قوشنىلىرى ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەربىر كىرگىنىدە ئايىزبانى كۆتۇرۇپ، سۆيۇپ كېتەتتى. بىراق، ئامىنىخان بىلەن ئايۇپ ئاخۇن ئايىزبانىڭ قولى بىلەن پۇتىنى سىلىغاندا، يۇرىكىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. چۇنكى، ئايىزبانىڭ پۇت ۋە قول بارماقلىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى، ھېچبىر ياخشىلىنىش بولمايۋاتاتتى.

5 - ئايمۇ كىرىپ قالدى. ئايۇپ ئاخۇن ئايىزبانى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ داۋالىتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.

— خوتۇن، ياڭاق، چىلانلاردىن جىقراق ئېلىۋال! — دېدى ئايۇپ ئاخۇن ئايالىغا تاپىلاپ. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا، كەنتكە چۇشكەن «ئۇچ ئەل خىزمىتى» گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇلارنى ئۇزاتقىلى كەلدى.

— ئايۇپكا، ماۋۇ 6000 يۈەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى. ھازىرچە مۇشۇنچىلىك يىغدۇق، ئەھلىمەھەللىدىكىلەر يازلىق ھوسۇلدىن كېيىن يەنە كۆڭلىمىزنى بىلدۈرىمىز دەۋاتىدۇ. قايتىپ كېلىشكە ئالدىرىماي، ئايزىبانى ئوبدانراق داۋالىتىڭلار. ئۆزۈڭلارمۇ ئالدىنقى قېتىمقىدەك قايناق سۇ ئىچىپ، نان يەپلا يۈرمەي، سالامەتلىكىڭلارنى ئاسراڭلار.





— رەھمەت، ھەممىڭلارغا كۆپ رەھمەت! — ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخان تەسىرلەنگەنلىكىدىن گەپمۇ قىلالماي قالدى.

ئۇلار نۇرغۇن ئۇمىدلەرنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ، ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە بارغاندا، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئالاقىلىشىپ بەرگەن روشەنگۈل دوختۇر ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئايزىبانى ئالدى بىلەن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا جىددىي قۇتقۇزۇشتا بىرنەچچە كۈن كۆزەت-

تى، ئاندىن بالىنىستقا ئېلىپ داۋالىدى. بۇ جەرياندا ئۇلارغا يەنە
نۇرغۇن قېرىنداشلارچە ياردەم بولۇپ تۇردى. مەيلى ئۇنى داۋالى-
غان دوختۇر - سېستىرالار بولسۇن ياكى كېسەلخانىدىكى باشقا
كىشىلەر بولسۇن، ئايۇپ ئاخۇن قېرىنداشلارچە «بالام» دەپ كۆتۈرۈۋال-
غان مېيىپ ئايزىباغا بىر قاراپلا ھەممىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا،
ھەممەيلەن ئۇلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشتى، ئاتىغانلىرى-
نى ئاز بولسۇن، جىق بولسۇن ئايزىبانىڭ يانچۇقلىرىغا تىقىپ
قويۇشاتتى، ھەتتا روشەنگۈل دوختۇرمۇ 1000 يۈەننى بۇ مېيىپ
قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا ئۈلگۈردى.

دۇنيا دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، بەزىدە ئېچىنىشلىق
قىسمەتلەر بىزنى ئورىۋالىدىكەن، بەزىدە ئادەملەر ئارىسىدىكى
ئۇلۇغ مېھىر - مۇھەببەت داستىخىنى ئالدىمىزدا ئېچىلىپلا
تۇرىدىكەن. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن قىزىنى داۋالىتىپلا ئەمەس، مې-
ھىرگە مېھىر قوشۇلغان خاسىيەتتىن ئالەمچە شادلىنىپ، ئەز-
گۈ تىلەكلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قايتىپ كەلدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايزىبانىڭ ئالدىدىكى ھاياتلىق ئۈچۈن كۈ-
رەش قىلىشتەك قىسمەت تېخى تۈگەپ كەتمىگەنىدى.

2014 - يىلى 10 - ئاي، ئايزىبا شايار ناھىيەلىك دوختۇر-
خانىدا يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندى. ئوپېراتسىيە بۆ-
لۈمىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخان ئازاب-
لىق تۈيغۇدا پۈچىلىنىۋاتقان ئاشۇ دەمدە، دوختۇرلار ھوشسىز يات-
قان ئايزىبانى ئېلىپ چىقىشتى. ئايزىبا ئەتىسى ھوشىغا كەلدى.

— ۋاي، كۆزىنى ئاچتى! — قىزىنىڭ ھۇشىغا كەلگەنلى-
كىنى كۆرگەن ئامىنىخان ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئايۇپ ئاخۇن-
نىڭ لەۋلىرى تىترەيتتى. چۈنكى، ئەمدىلا 10 ئايلىق بولغان بىر
يۇمران جان چوڭ ئادەممۇ چىداپ بولالمىغۇدەك ھاياتلىق سىنى-

قىمدا جان تالىشىۋاتسا، يۈرەك تىترىمەي تۇرالامدۇ؟! ئايزىبا كۆز قارىچۇقلىرىنى ئاستا مىدىرلىتىپ، بىچارە هالەتتە ئەتراپقا باقاتتى، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان تونۇش چىرايلارنى تونۇغاندەك، كالپۇكلىرىنى ئۈمچەيتىپ قوياتتى.

— قىزىم! ئاي قىزىم! مانا مەن! — ئامىنىخان كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالمايۋاتاتتى.

— بولدى، باراڭ سالماڭلار! هېلىلا كىرگەن سېسترانىڭ جىملىشى بىلەن هەممەيلەن جىم بولۇپ قالدى. سېسترا بايا ئۆزى ئايزىبانىڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويغان گىرادۇسنى ئېلىپ، خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — بۇنداق پاراڭ سېلىشىپ كەتسەڭلار بولمايدۇ.

— قىزىم، ئايزىباغا سۈت تالقىنى ئەمدۈرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئامىنىخان ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغان سېستىرادىن.

— بولىدۇ، ئاز - ئازدىن، پات - پات ئەمدۈرۈڭ.

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بالىنىڭ ئېمىدىغان سۈتى تەييار بولدى. ئامىنىخان ئېمىزگۈنى هالسىز ياتقان ئايزىبانىڭ كالپۇكلىرىغا تەگكۈزدى. ئايزىبانىڭ ئاغزى ئاران - ئاران ئېچىلدى - يۇ، ئېمىزگۈنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ، ئېمىزگۈنىڭ تۆشۈكىدىن ئاققان سۈت ئايزىبانىڭ جاۋغىيىدىن ئېقىپ چۈشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن «غۇرت» قىلغاندەك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايزىبانىڭ كېكىردىكى ئاستا مىدىرلىدى. ئايزىبا ئاخىر ئېمىزگۈنى تامىقىغا ئالالىدى، ئاندىن پۈتۈن كۈچىنى يىغقاندەك قىلىپ شوراشقا باشلىدى. ئاھ! هاياتلىق! «غۇرت، غۇرت» قىلغان ئاۋاز ئاستا - ئاستا كۈچەيدى. ئەزرائىل بىلەن كۈرەشكە چۈشكەن بۇ كىچىك تەن ئاخىر غالىب كەلگەندى.

كۆنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋاتاتتى. گەرچە ئاي-
زىبا دوختۇرخانىدىن ساق - سالامەت چىققان بولسىمۇ، تولا
ئاغرىپ قالاتتى. شۇڭا، ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخانىمۇ بالىنىڭ
كۈتۈنۈشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

بۇ يىلقى قىش بەك تەستە چىقتى، چۈنكى ئايزىبا ئازراقلا
شامالداپ قالسا، نەچچە كۈن دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇلاتتى. مۇشۇ-
لارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ قىسىلىپ ئۆ-
تۈۋاتقان بۇ ئائىلىگە ئازراق چىقىممۇ ئارتۇقچىلىق قىلاتتى.
شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئائىلىدە ھېچكىم بۇ توغرۇلۇق قاقشى-
مايتتى.

شۇنداق قىلىپ، 2015 - يىلىنىڭ باھار ئايلىرىمۇ يېتىپ
كەلدى. «باھار» دەپ ئىسمى چىرايلىق بولغان بۇ خاسىيەتلىك
ئايدا، بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەر كېلەر؟ ئايۇپ
ئاخۇن ئاغزىدا بىرنەرسە دېمىگەن بىلەن، كۆڭلىدە غەم قىلاتتى،
چۈنكى «پۇل» دېگەن نەرسە ھەر زامان ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋا-
تاتتى. توڭ ئېرىشكە باشلىدى، ئەمدى يەر تېرىش كېرەك ئىدى،
بار بىساتى تۈگىدى، سولياۋ يوپۇق، ئۇرۇق، ئوغۇت ئېلىشقا پۇل
كېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىر كۈنى ئايۇپ ئاخۇن ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىغا قەرز
ئېلىشقا بېرىپ، كەچرەك قالدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە، ئايزىبانى
ئوينىتىپ ئولتۇرغان ئامىنىخان ئورنىدىن تۇرۇپ

— ئايزىباغا قاراپ تۇرسىلا، مەن ئاش ئېتەي. ئىلدام بول-
سىلا، ئايزىبا يىغلىپ كەتمىسۇن، — دېدى.

ئايزىبا ئەمدى ئۆمىلەپ، ئېغىناپ، قولىغا چىققانلىكى
نەرسىلەرنى تارتىپ بۇزىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئايۇپ ئاخۇن ئاي-
زىبانى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى. لېكىن، ئايزىبا ئايۇپ ئاخۇننىڭ

قۇچىقىدا پىلتىڭلاپ جىم تۇرمايتتى.

— بولدى، ئاشمۇ ئەتمەڭلار بۇ بالىنى سىلى بەزلىمىسەڭلا بىكاركەن. بولدى، چايلا ئىچىلى.

— سىلى بىلەن بىزنىڭ قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچىدىغان ۋاقتىمىز كېتىپ قاپتۇ. قورساققا ئوبدان - ئوبدان يېمىسەك قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاش ئېتىمەن دېگىنىم بىلەن، ئوتياش بىلەن گۆش نەدە؟

— قانداق قىلىمىز؟ تولا قاقشىما، — ئايۇپ ئاخۇن ئاچچىق-لىنىپ كەتتى.

— سىلىگە دېمەي كىمگە دەيمەن؟ كوچىغا چىقىپ يىغلاي-مۇيا؟ — ئامىنىخانمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى، — ئۆتكەن ئايدا ئوغلىمىزنىڭ تويىغا ئاتاپ قويغان ئىككى ئالتۇن ئۈزۈكنى سېتىۋېتىپ ئىشلەتتىم. ئۆزىمىزنىڭمۇ ئايزىباغا ئەرزانراق سۈت تالقىنى بەرگۈمىز كەلمىدى، 200 نەچچە كويلۇق سۈت تالقىنى بىر ھەپتە يېتىدىكەن. ئىككىمىز مەسلىھەت قىلىد-ساق، قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟

— ھېلىھەم بولسىمۇ بالىغا ئەكس تەسىرى يوق، ئاشۇنداق ئوبدان نەرسىنى بېرەيلى! ھەي ئانىسى، مۇنداق قىلىمىزمۇيا؟

ئامىنىخان ئايزىبانىڭ ئىسمى چىقسىلا ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئاچچىقى يېنىپ، بوشاپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. دەر-ۋەقە، ئايزىبانىڭ گېپى چىقىۋېدى، ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئاچچىقى يان-دى. قىزىق ئىش، باياتىن يىغلاۋاتقان ئايزىبا ئەمدى ئايۇپ ئاخۇن-نىڭ قۇچىقىدا، ئاتىسىنىڭ بۇرنىنى تارتىپ ئويناپ ئولتۇراتتى.

— ھە، نېمىنى قانداق قىلىمىز دەيسىلە؟ باياتىن ۋار - ۋۇر ۋارقىرايدۇ، ئەمدى بولغاندا قىزنى ئويىنىتىپ، تىلىنى چاي-نايدىغۇ ماۋۇ ئادەم!

— مەن دەيمەن، — ئايۇپ ئاخۇن دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ھە، ئەكەلسىلە، ئايزىبانى مەن ئالاي، چاي ئىچسەكمۇ ئىچەيلى! بايا گۈلسۈمخان بىر پىيالە قايماق ئەكىرىپتىكەن. ھە، قانداق قىلىمىز، ئەمدى دېمەملا گەپلىرىنى؟

— ھە، ھازىر...... — ئايۇپ ئاخۇن دۇدۇقلاپ بېشىنى قاشلىدى، — سىلى دېمىسەڭلىمۇ مەن بىلىمەن. بىزگە پۇل بەك لازىم بولۇۋاتىدۇ. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىن قەرز ئالغان ھالەتتىمۇ، كۆزدە ئۆسۈم تۆلەيدىغان گەپ. يەنە ئۇلارمۇ قەرزنى يەرگە قارىتا بېرىدۇ. ئۇلاردىن ئالغان قەرز يەرنىڭ تېرىقچىلىقى بىلەن تۈگىسە، بۇ ئۆيگە...... مۇشۇ قىزىمنى چوڭ قىلىۋالساقمۇ باشقا ئىشلار مەيلى ئىدى. شۇڭا دەيمەن، ئۆتكەندە قوشنىلار ئارىغا كىرىپ، ئوغلىمىزغا ئاتاپ قويغان ئۆينى ساتقۇزمىغان، ئەمدى...... بىزدە پۇلغا يارايدىغان بىساتىمىزدىن شۇ قاپتۇ. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، ئاشۇ ئۆينى سېتىپ، پۇلىنى ئىشلەتمەيمىزمۇ؟

— ئۆينى ساتتۇقمۇ دەيلى، ئەگەر ئوغلىمىزنى ئۆيلەپ قالساق، ئۇ نەدە ئولتۇرىدۇ؟

— ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىمىگۈچە ئۆيلەپ قويساق بولماسمىكىن؟ ئۇ ئۆتكەندە ئۆزىمۇ شۇنداق دېدى. شۇڭا، ھازىرچە ئۆينى سېتىپ، قىيىن مەزگىلدىن ئۆتۈۋالساق، بىزمۇ بۇنداقلا تۇرۇۋەرمەسمىز خوتۇن. كېلەر يىللىققا ئاندىن ئويلاشمايمىزمۇ ئۇ ئىشنى؟

ئامىنىخان داستىخان سالدى. قايمىقى پىل - پىل قىلىپ يالتىراپ تۇرغان، قايماقلىق چاينى كەلتۈرۈش بىلەن ئۆينى قايماق چاينىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىر ئالدى.

— ھەي، نېمانداق قېتىپ كەتكەن نان بۇ؟ — ئايۇپ ئاخۇن يېرىك قوللىرى بىلەن ناننى ئۇشتۇيالماي، ناننى داستىخان بىلەن يۆگەپ ئاران تەستە ئۇشتۇدى.

— ھە، قانداق قىلىمەن؟ نان قاتتىق بولسىمۇ قايناق سۇدا يۇمشايدۇ؟ ناننى قاتتىقكەن دەپ تاشلىۋېتەمدۇق ئەمىسە؟

ئايۇپ ئاخۇن قاتتىق ناننى چوڭ - چوڭ پارچىلاپ، چىنىسىگە سالدى.

— كېلە قىزىم، ئەمدى ساڭا ئاش بېرەي، — ئامىنىخان ئايىزىبانى قۇچىقىغا ئېلىپ، بالىغا بايا ئېتىپ قويغان بۇلماقنى يېگۈزدى، — ئەگەر ئۆينى ساتىدىغان بولساق، ئوغلىمىزغا ئۆزۈڭلا دەڭلا!

— بولىدۇ، ئۇمۇ غەرەز ئۇقىدۇ! ئەمىسە مۇشۇنداق پۇتۇشتۇق - ھە، ئانىسى؟

— ھە، سىلىنىڭ دېگەنلىرى ھېساب بولسۇن، — دېدى ئامىنىخان ئايزىباغا بۇلماق يېگۈزۈۋېتىپ.

گەرچە نان قاتتىق بولسىمۇ، يېڭى قايماقنىڭ چېيى ئوبدانلا ئىسسىق باستى. ئەتىيازدا چۇشلۇكى ھاۋا ئىسسىپ قالغان بىلەن، ئەتىگەن - كەچتە سوغۇق ئىدى. ئۆي مەشتىكى ئوتنىڭ تەپتى بىلەن ئوبدانلا ئىسسىدى. ئايۇپ ئاخۇن ئۆي ساتىدىغان ئىشنى ئوغلىغا بۇگۈنلا دېيىش قارارىغا كەلدى، لېكىن ئىسسىق ئۆيدە ئۇنى مۈگدە باسقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازراق سەگىدەش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئەتراپ قاراڭغۇ، ئەتىيازنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى سوغۇقتەك قىلغان بىلەن، جاندىن ئۆتكۈدەك ۋىژ - ۋىژ ئەمەس ئىدى. ئاۋۇ يول بويىدىكى پۇرچاق ئۇيۇتمىسى كاۋپى ساتىدىغان قىز بالا دۇكىنىنى تېخىچە تاقىمىغانمىكىن، دۇكاننىڭ چىرىغى يورۇق تۇراتتى. ئەتراپ جىم-

جىت، يولدا ئاندا ـ ساندا كېتىۋاتقان ماشىنا، موتوسىكلىتلارنىڭ چىرىغى شولا چۈشۈرۈپ، ئاندىن يەنە ئۆزى بىلەن بىرگە غايىب بولاتتى. ئايزىبامۇ ئۇخلاشقا تەمشەلگەن بولسا كېرەك، ئۆيىدىن ئامىنىخانىنىڭ مۇڭلۇق ئەللىيى ئاڭلاندى:

مەن بالامنى بۆلەيمەن، ئەللەي بالام، ئەللەي،
ئالتۇن تاغقا يۆلەيمەن، ئەللەي بالام، ئەللەي.
ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ، ئەللەي بالام، ئەللەي،
مەن ئىگەمدىن تىلەيمەن، ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئايزىبا ئامىنىخانىنىڭ ئەللىيىگە قوشۇلۇپ ئازراق غىڭشىپ قويۇپ، بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئايۇپ ئاخۇن ئەمدى ئۆيىگە كىرىپ كېتىشنى ئويلاپ تۇرۇۋىدى، يىراقتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ تىۋىش ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈك ئۇستىگە كەلدى.

«ھە، كەلگەن ئوخشايدۇ!» دەپ ئويلىدى ئايۇپ ئاخۇن. ئارقىدىنلا، بىر تېلېفوندىن مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋەي، ھە نېمە گەپ؟ — ئايۇپ ئاخۇن ئەمدى ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ئوغلى بىرسى بىلەن تېلېفوندا گەپلىشىۋاتاتتى.

— ھە، مەن بۇ ئۆيگە ئەمدى كەلدىم. قاراڭ، مېنىڭچە بۇ ئىشقا بەك ئالدىرىغۇلۇق ئەمەس. ئۇنى قاچانلا بولمىسۇن، ئەمەلگە ئاشۇرىمىزغۇ؟ نېمە......نېمە بولدى؟ مەن راست گەپنى دەۋاتىمەنغۇ؟ نېمە خاپا بولىسىز؟ سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان يەردىمۇ ئەمەس. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاتام ـ ئانامغا قانداق دەيمەن؟ بولسىغۇ ئۆيۈڭلەرگە

ئادەم بارسا، سىزنى سانتاناغا سېلىپ يۆتكەپ ئەكېلىشۋالسام، لې-
كىن شۇ سانتانالارنى بىكارغا ماڭدۇرغىلى بولمايدۇ - دە! ئاشۇ-
لارنىڭ ھەممىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتى بار قەغەز بىلەن پۈتى-
دىغان گەپ. ھازىر شاراق - شۇرۇق سانايدىغانغا شۇ قەغەز قې-
نى؟ مەن ئىشلەۋاتقىنىم بىلەن، قولۇمغا تەگكىنى ئاران ئۆزۈمگە
يېتىدىغان تۇرسا! بىزمۇ بۇنداق ئۆتمەسمىز، بۇ ئىشلار ھەمىشە
ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس! خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ماڭا ئۆ-
سۈمسىز قەرز بېجىرىپ بېرىدىغان ئىشنى ھەل قىلىپ بېرى-
مىز دەپ تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن ئۇ قاچانلىققا پۈتىدۇ؟ مەنمۇ بىر
توت تەڭگىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئاتا - ئانامغا جاپا سالماي، ئاد-
دىن سىزنى ئەكېلىشۋالاي دەۋاتسام، شۇنداق ئالدىراپ كېتىپتىما
ئۆيىڭىزدىكىلەر؟ ئەمىسىچۇ، ئۇلار بەك ئالدىراپ كەتكەن بولسا،
مېنىڭ ھازىر سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردىن ئۆتەلىگۈدەك بىر نەر-
سەم يوق. ئاتا - ئانىڭىز تاپقان شۇ يىگىتكە بېرىۋالسۇن سىز-
نى، مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق...... يىغلىماڭ! قانداق قىلىمىز
ئەمىسە؟ مۇشۇنداق چاغدا، بىر - بىرىنىڭ دەردىگە يەتمىگەن ئا-
دەمگە قانداق ئىشەنگىلى بولىدۇ؟ مېنىڭ گېپىم شۇ!

گەپ تۈگەش بىلەن ئوغلى ھويلىغا كىرىپ بولۇپ، يەنە
ئارقىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىردەمدىن
كېيىن جىمىپ قالدى. ئايۇپ ئاخۇن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ،
ھويلىدىن سىرتقا چىقتى. بىر قارا كۆلەڭگە كوۋرۇك بېشىدا
جىمجىت تۇراتتى. كۈچەپ تاماكا شورىغان چاغدا كۆرۈنگەن ئوت
ئۇچقۇنىدىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئارقىدىكى تى-
نىق ۋە قەدەم تىۋىشىدىن ئوغلى چۆچۈپ، ئارقىغا قارىدى.

— كىم؟! ھە...... ئاتا سەنمىدىڭ؟

— تالاغا چىقىۋىدىم، سېنى كۆرۈپ قالدىم. يۈر بالام، كى-

رىپ كېتەيلى، توۋلاپ كېتىسەن، — ئايۇپ ئاخۇن ئوغلىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، بۈگۈنچە ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەسلىكنى قارار قىلدى.

تاڭ ئاتتى. ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئوغلى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن يەنە سىرتقا ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئايۇپ ئاخۇن ئۇنى چاقىردى.

— بالام، ساڭا مەسلىھەت سالىدىغان بىر گەپ بار، توختا! — ئوغلى دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جايىدا تۇردى، — ھازىرچە ئاشۇ ئۆيىنى سېتىپ، قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىۋالساق، كېيىن يەنە بىر ئامالىنى قىلارمىز. بىزمۇ بۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىۋەرمەسمىز، بىزمۇ پۇل تاپارمىز، بالام! شۇڭا، سېنىڭ پىكرىڭنى ئاڭلاپ باقىلى دېگەن؟

— ئۆزۈڭلار قارار قىلىپ بولغان ئىشنى ماڭا نېمىدەپ مەسلىھەت سالىسىلەر؟ مەن نېمىتىم بۇ ئۆيدە؟ توۋا، ھەيرانمەن، خەقنىڭ قوللىرى شۇنچە ئۇزۇنكەن، نە دېسە شۇ يەرگە يېتىدىكەن، گەپ قىلماي سىلكىنىسىمۇ نەچچە مىڭ كوي تۆكۈلىدىكەن. لېكىن، بىزچۇ؟ بىز قانداق ئادەملەردىمىز! قاچانغىچە بىر كويچەنگە زار بولۇپ ئۆتىدىكىن كىشى! سىلەر ھېلىغۇ ئۇ ئۆيىكەن، ھەممە نەرسىنى سېتىۋەتسەڭلارمۇ بولىدىغۇ؟ سىلەر دېگەن قالتىس تۇرساڭلار! ماڭا مەسلىھەت سېلىپ نېمە كەپتۇ؟

— ھەي، نېمە دەۋاتىسەن!؟ — ئايۇپ ئاخۇن ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چېچىلىپ قالدى، — شۇنداق، خەقنىڭ چاپىنىدىن نەچچە مىڭ كوي تۆكۈلۈپ تۇرسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئاڭلاپ قوي، بۇ ئالەمدە ئاشۇنداق بىر كوي چەنگە زار بولۇپ، ئالەمدىن كەتسەممۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىمەن! چۈنكى، بىرىنچىدىن خەققە پۇل قەرزىم يوق. ئىككىنچىدىن خەققە كۆڭۈل قەرزىم

يوق، ئۈچىنچىدىن ئىنسانلىق بۇرچىدىن ھالقىغان قەرزىم يوق! قانداق؟ ئەگەر بۇ ئۆينى، ئاناڭ بىلەن مېنى بەك يامان كۆرۈپ كەتكەن بولساڭ......

— كىم سىلەرنى يامان دەپتۇ؟ — ئوغلى دەرھال گەپ ئارىلىدى، — دەۋاتىمەنغۇ، سىلەر قالتىس دەپ، شۇڭا ئۆينى ساتامسىلەر، ساتامسىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى!

— ھەي، نېمە دەۋاتىسەن؟ توختا!...... — ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئوغلى گەپمۇ قىلماي چاپىنىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى.

— توۋا، ماۋۇ بالىنى؟ — ئايۇپ ئاخۇن ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى، — ئەجەب زەھەردەك گەپ قىلدىيا! بىزدە پۇل يوق بولغاچقا، شۇنداق يامان بولۇپ قالدۇقما، بالىنىڭ ئالدىدا؟

— ۋاي بولدى، چېچىلماڭلا. ئاخشام ئۆزۈڭلا ئاڭلاپسىلەغۇ؟ دېمىسىمۇ ئوغلىمىز ئۇ قىز بىلەن يېتىلىشىپ يۈرگىلى بىر يىلدىن ئاشتى، ئەمدى قارىغۇنى تار يولدا قىستىغاندەك ئوغلىمىزنى ئالدىراتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا تۇرغاندا، سىلى ئۆينى ساتىمىز دېسەڭلا ئاچچىقى كەلمەمدۇ ئۇنىڭ؟ بالا ئەمەسمۇ، ئاتىسى.



— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئۆينى ساتمىساق، نەدىن پۇل تاپىمىز؟ — ئايۇپ ئاخۇن تۇمىقىنى يېنىغا ئېلىپ قويۇپ، ھەدەپ بېشىنى سىلايتتى.

— بالىلارمۇ بىر كۈنى چۈشىنىپ قالار! ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆينى ساتماي، كىم ماڭا بىرموچەن بېرىدىكەن دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرامدۇ كىشى؟ — ئامىنىخان شۇنداق دەۋېتىپ، ئايىزبانى بۆشۈكتىن يېشىۋالدى.

— ھە، كېلە بالام، ئاتاڭنى سۆيۈپ قوي. «خاپا بولما ئاتا، مەن چوڭ بولسام جىق پۇل تېپىپ بېرىمەن» دە.

قاپقىنى تۇرۇپ ئولتۇرغان ئايۇپ ئاخۇن ئايزىبانىڭ تاتلىق قىلىقلىرىنى كۆرۈپ سەل ئېچىلغاندەك بولدى. ئايۇپ ئاخۇن بۇ بىر كۈننى بەك تەستە ئۆتكۈزدى. ئەتىگەن ئوغلىنىڭ دېگەن گېپى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنى قاتتىق ئېچىشتۇردى، ئۇ ئويلىماي دېسىمۇ، ئۇ گەپلەر كاللىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ چۈشتە ئامىنىخاننىڭ تۇخۇم كۆكتات لەڭمىنىدىن ئازراقلا يېيەلىدى، كەچتىمۇ ھېچنېمە يېمىدى. ئۇ شۇ ئۇزاق كېچىنى تولا ئۆرۈلۈپ، بەكمۇ تەستە ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدا، ئوغلى كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر سولياۋ خالتىنى ئېچىپ، ئىككى قاپ «دىننارىم ئاقسىل تالقىنى» دەپ خەت يېزىقلىق بولاقنى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاتا، ئانا، تۈنۈگۈن ئاچچىقىمدا قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويدۇم، سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن! تۇتە، ياشانغانلارغا پايدا قىلىدۇ دەيدۇ، ئىچىپ بېقىڭلار، تۈگىسە مەن يەنە ئېلىپ بېرىمەن.

— ۋاي جېنىم بالام، يانچۇقۇڭدا پۇل يوقتىغۇ؟ نەدىكى پۇلغا ئالدىڭ؟ قىممەتتۇ بۇ ھەقاچان!

— ئىش ھەققى دەپ ئازراق پۇل بېرىۋىدى، شۇنىڭغا ئالدىمغۇ! تۇتە ئاتا ماۋۇنى، بۇنى سەن ئىچ.

— ھە، مەن ئۇنداق قىممەت نەرسىنى ئىچىشكە ئەرزىمەيمەن، بالام! مەندىن پۇل تۆكۈلۈپ تۇرمايدۇ، مەن بىر گاداي! بالىلىرىنى مۇشۇنداق غۇربەتچىلىكتە، خەقنىڭ ئالدىدا تىل قىسىلچىلىقتا قويىدىغان گادايمەن! ئۇنى ئۆزۈڭ ئىچ!— ئايۇپ ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدى.

— ئەستا، ئاتا..... خاپا بولمىساڭچۇ؟ — دېدى ئوغلى ئايۇپ

ئاخۇننى تۇسۇپ، — سەندىن پۇل تۆكۈلۈپ تۇرمىغان بىلەن، ھەممە يېرىڭدىن سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، باشقىلار ئۈچۈن جېنىڭنى سېلىپ بېرىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان پەزىلىتىڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ ئاتا، خاپا بولما! جاھاندا سەندەك ئاق كۆڭۈل ئادەمنى تاپماق تەس. ئاچچىقىمدا خاتالىشىپتىمەن، خاپا بولما! ئايزىبا دېگەن مېنىڭمۇ قېرىندىشىم تۇرسا! ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىنىلا ساتساق ئەرزىيدۇ.

«ئايزىبا» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئايۇپ ئاخۇننىڭ چىرايى ئېچىلىشقا باشلىدى.

— مەن تۇنۇگۈن، — ئوغلى گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەندە ئۆينى ساتىمىز دېگەندە خېرىدار بولۇپ چىققان ئادەمنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ بۈگۈن كېلىپ سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى. بۇ كۈن، بۇ ئايلاردا نەق پۇل سانايدىغان ئادەم ئاز، يوغان گەپنى دەپ ئېسىلىۋالماي، سودىنى پۈتكۈزۈپ، پۇلنى قولۇڭغا ئالىدىغان ئىشنى قىلاسەن.

— ئەگەر سېنى ئۆيلەپ قالساقچۇ؟ ساڭا ئۆي بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

— ھازىرچە مېنىڭ ئىشىم مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۆيگە پۇل لازىم. ماڭا تېگىدىغان قىز مەن پۇل، ئۆي تاپقۇچە ساقلاپ تۇرسا مەيلى، بولمىسا ئەنە يول.

......

— ئەستا...... ئاتا، يەنە قاپىقىڭ تۈرۈلۈپ قالدىغۇ؟ ئەكىلە ئايزىبانى بىر سۆيۈۋالاي! يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋالساق، ئايزىبامۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالىدۇ.

ئايزىبانىڭ گېپى بىلەن ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى باشقىچە ئېچىلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئايزىبامۇ خېلى چوڭ بو-

لۇپ قالدى. ئۇ ھازىر پۇت - قول بارماقلىرى بولمىسىمۇ ماڭالايدۇ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن «ئاتا، ئانا!» دەپ چاقىرىپ، يىراقتىن تايتاڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاجىز قوللىرى بىلەن، ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، ئۇلارنى سۆيەلەيدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغلاردا، ئايۇپ ئاخۇن بىلەن ئامىنىخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئەمەس، يۈرىكىدىن قانچىلىك ھاياجانلىق ياشلار تۆكۈلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۆزلىرىلا سېزەلەيدۇ. ئاھ، سان - ساناقسىز ھاياجانلىق دەملەر! ئاھ، بالا ئىشقىدا ئۆرتەنگەن يۈرەكلەر...... قۇلۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەھلىمەھەللىدىكىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى دېمەيلا قويايلى...... ئۇلار سىرتتا ئويناۋاتقان ياكى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغان ئايزىبانى ھەربىر كۆرگىنىدە ئۇنى سۆيۈپ قويۇشنى، ئەركىلىتىپ قويۇشنى ياكى بولمىسا يانچۇقىدىن بىرەر نەرسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، ھەتتا كەنت ئالدىدىكى ساتارمەنلەر چېغىدىمۇ «مەڭ، ئايزىباغا ئالغاچ كېتىڭ......» دېيىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يۇرت بۇ مېيىپ بالىنى ئاجايىپ سېخىيلىقى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن ئۆز قوينىغا ئالدى. ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كونا كۆۋرۈك سىراش ئىدرىسھاجىمنىڭ قول سېلىشى بىلەن يېڭىلىنىپمۇ بولدى. كەنت كوللېكتىپىنىڭ قول سېلىشى بىلەن ئايۇپ ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا يېڭىدىن سېلىنىدىغان بىر يۈرۈش ئۆيگە ئۇل سېلىندى.

81

# ئەل سۆيگەنلەر

ئايۇپ ئاخۇن نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ تولۇق دەپ بېرەلمەيدۇ. ناۋادا سىز ئۇنىڭدىن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىسىڭىز، ئۇ: «ئەينى چاغدا نوپۇس دەپتىرىگە يېشىم توغرا يېزىلماپتىكەن، ئۆزۈمنىڭ ھېسابىدا ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالدىم. تۇغۇلغان ۋاقتىمنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، مەن ئۆلكە ئازاد بولۇشتىن بىرقانچە يىل بۇرۇن تۇغۇلغان ئىكەنمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ئۇنچىۋالا ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ياشتا چوڭراق دېھقانلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى بىرەر ۋەقە ياكى بىرەر ئۆزگىرىشكە باغلاپ دەيدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى ئويچان كۆزلىرى، تىلىم - تىلىم قورۇقلار بىلەن قاپلانغان، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان مىس رەڭ چىرايى ئۇزاق يىللىق جاپالىق مېھنەتتە تاۋلانغان، پىشقان، ھالاللىق ۋە سەمىمىيلىكنى ئادىمىيلىكنىڭ ئۆلچىمى قىلغان بىر دېھقاننىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇ تۇرقىدىن تىمەن تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە تەقدىر - قىسمەتنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى بۇ ئەسلىي كۈچتۈڭگۈر تەننى ساقايماس بىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلغانىدى. ئايۇپ ئاخۇن شۇ كېسەللىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققىتى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقىلى 34 يىل بوپتۇ. «ئادەمنى كېسەل يىقىتماس، ئەجەل يىقىتىدۇ» دەپتىكەن كونىلار.

دىمىسىمۇ ئايۇپ ئاخۇن كېسەل سەۋەبىدىن يىقىلىپ قالمىدى ـ يۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى قولۇم ـ قوشنىلارغا، تەشكىلگە بېقىنىپ قالغاندەك ياكى ئۇلارغا قەرزداردەك ھېس قىلاتتى. ئۇ كەنت كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىلىك خىزمىتىنى 1982 ـ يىلىدىن 2015 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئىشلىدى. 33 يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ خىزمەت ئاڭلانماققا ئاددىيدەك قىلغىنى بىلەن جاپاسىمۇ يەتكۈچە بار، شۇنداقلا مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئۇ ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، بەزى ئىشلارنىڭ راۋان، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى.



— سىلىنىڭ مۇشۇ ھاياتلىرىدا، بىرەر ئىشتا ئۆزلىرىدىن ئەپسۇسلىنىدىغان تەرەپلىرى بولۇپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدىم. مەن ئايۇپ ئاخۇندىن گەپ ئارىلىقىدا.

— ئەپسۇسلىنىشقا توغرا كەلسە...... — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە كۆلۈپ تۇرغان ئايۇپ ئاخۇننىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى، — ئۆزۈمنىڭ جىقراق ئوقۇيالمىغانلىقىمدىن بەك ئەپسۇسلىنىمەن. بىز كىچىك چاغدا شارائىت ھازىرقىدەك ياخشى ئەمەس ئىدى، ھازىرقىدەك دەۋر بولغان بولسىدى، مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك بۇرچۇمنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە نامايان قىلغان بولار ئىدىم. ئۆگىنىش ئارزۇيۇم بەكلا كۈچلۈك بولغاچقا ھازىر پۇرسەت تاپسام‌لا كىتاب ئوقۇيمەن، ماتېرىيال كۆرىمەن، چۈنكى بىلىم دېگەن ھازىر دېھقانغا بەكرەك زۆرۈر بولۇۋاتسا!

لىكىنىزە...... — ئۇ سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا ئىچىلىپ كەتتى، — مېنى يېقىندا «ئايزىبانى بېقىپ جاپا تارتتىڭىز» دەپ، ئىچكىرىگە ئاپىرىپ، ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلدى. پاھ-پاھ!...... ئاجايىپ يەرلەرنى كۆردۈم دەڭە! ئوقۇمىغانلىقىمنىڭ زىيىنىنى ئاشۇ يەرلەرگە بارغاندا، ھەسسىلەپ تونۇپ يەتتىم.

— بۇ ئاجايىپ ئادەم، — دېدى كەنت شۇجىسى گەپ باشلاپ، — كەنتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭغا بەزىدە ئانچە-مۇنچە بىرنەرسە بەردۇق، بەزىدە بېرەلمىدۇق. بىز بۇ جەھەتتە ئايۇپكامغا بەك قەرزدار. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئادەم ھازىرغىچە ئىش ھەققى توغرۇلۇق ھېچنېمە دەپ باقمىدى. قاچانلا بولمىسۇن، باشقىلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن چېپىپ يۈرگەن. ئۇ ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك ھېس قىلامدىكىنتاڭ، ئايزىبانى مۇشۇنچىلىك قىلىش ئۈچۈن، كۆپ چىقىم تارتتى. ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسە-كېرەكلىرىنى، ھەتتا ئوغلىنى ئۆيلەيمىز دەپ ئاتاپ قويغان ئۆيىنىمۇ سېتىۋەتتى. ئايۇپكامنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ئويلىشىپ، كەنتتىن ئۇنىڭغا يېڭى ئۆي سېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۆتكەندە دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشكەندىم، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئايزىبانى يەنە بىرقانچە قېتىم داۋالاشقا توغرا كېلىدىكەن. بايا ئايزىبانىڭ پۇتىنى كۆرلە، ئۇ دوختۇرلارنىڭ ئۇنىڭ پۇتىنى ئىككىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىنكى ھالىتى.

مەن شۇجى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتىم، يان تەرەپتىن ئاڭلانغان چۇقان - سۈرەنلەر پارىڭىمىزنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنداق قارىۋىدىم، ئايزىبانى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئامىنىخاننى كۆردۈم. ئايزىبا «يەرگە چۈشۈپ ماڭىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتقاندى.

— ئاستا مېڭىڭ...... يىقىلىپ كېتىسىز...... جېنىم با-
لام! ئايزىبا ئۇنىمايۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي دەلدەڭشىگىنىچە
قېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېڭىشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ مې-
يىپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىمۇ كەلمەيتتى. ئامىنىخاننىڭ يې-
نىدا يەنە بىرقانچە ئەر - ئايال ئۇلارغا سوڭدىشىپ، ۋارقىرىشىپ
بىرگە كېلىۋاتاتتى.

— ۋۇي ئايزىبا!...... ماڭا قارىڭە قىزىم!

ئايزىبا ئىسمىغا لايىق شۇنداق چىرايلىق قىز بولغانىدى.
ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزلىرى، قاپقارا قاشلىرى...... كۈلۈپ قاراشلى-
رى...... ئېگىز - پەس تايتاڭلاپ كېتىۋاتقان ئايزىبا بىردىنلا
توختىتىۋالدى - دە، دەرھال كەينىگە يېنىپ «ئانا!» دەپ يۈگۈرگى-
نىچە يەردە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا باغرىنى ئېچىپ، قولىنى تەڭلە-
ۋاتقان ئامىنىخانغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئامىنىخاننىڭ بوينىغا ئې-
سىلىپ، ئۇنى سۆيۈپ كەتتى. ئەتراپتا تۇرغان ھەممىمىز بىر-
بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆزىمىزدە ياش
ئەگىيتتى، ئەلۋەتتە بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئۆزىمىزلا
بىلەتتۇق. چۈنكى، ئەمدىلا 19 ئايلىق بولغان ئايزىبا مۇھەببەتكە
مۇھەببەت بىلەن جاۋاب قايتىدىغانلىقىنى ئاشۇ سەبىيلەرچە تات-
لىق قىلىقلىرى ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرۈۋاتاتتى. دەل شۇچاغدا،
ئايۇپ ئاخۇن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بىرقانچەيلەن بىلەن ئۇ-
دۇلدىن كېلىپ قالدى. ئامىنىخاننىڭ قۇچىقىدىكى ئايزىبا ئا-
يۇپ ئاخۇننى كۆرۈپ، ئامىنىخاننىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ يەرگە
چۈشۈۋالدى - دە، يەنە تايتاڭلاپ يۈگۈرگىنىچە ئايۇپ ئاخۇننىڭ
قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— جېنىم بالام!...... ئاپپاق قىزىم!...... — ئايۇپ ئاخۇن
ئايزىبانى تويماي سۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاياجان ياشلىرى مەڭز-

لىرىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى، مېنىڭمۇ كىرپىكلىرىم نەملەندى. مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايۋاتاتتىم، گەرچە كۆزۈم نەملەنگەن بولسىمۇ چېھرىمدە كۈلكە ئۆچمەيتتى. مەنمۇ بىر ئانا، پەرزەنت ئىشقىدا تالاي تۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن، نى - نى جاپالارنى كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ ياشىغان ئانا. شۇڭا، ئامىنىخاننىڭ پەرزەنت ئىشقىدا يېنىۋاتقان ئوتلۇق يۈرىكىنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلالايمەن.

مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشتىن كىشىلىك تۇرمۇشتىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى قانۇنىيەتنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەن ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلدىم. ئايزىبا نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم - ھە! ئۇنىڭغا بىر ئويغۇر ئاتا - ئانىنىڭلا ئەمەس، بىر مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۈمىدى، ئارزۇ - تىلەكلىرى مۇجەسسەملەنگەن. تېزرەك ساقىيىپ، مۇھەببەت بۇلىقىدا گۈلدەك ياشناڭ، ئوماق قىزىم ئايزىبا!......

# ئەقىدە



ــ ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس ۋاڭ يەنلىن ھەققىدە

# يېزىغا باغلانغان رىشتە

1999 - يىلى ۋاڭ يەنلىن شىنجاڭ تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق قىلغاندا ياخشىراق بىر خىزمەت تاپقىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە خىلمۇ خىل ئىزدىنىشلەردە بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 90 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى خىزمەتكە ئورۇنلىشىش تولىمۇ تەس ۋە مۈشكۈل بولۇۋاتاتتى. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلار خىزمەت تېپىش ھەلەكچىلىكىدە تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە، ۋاڭ يەنلىن بۇنداق ئىشلار مەۋجۇد ئەمەستەك غەمسىز يۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن بەزى ساۋاقداشلىرى ھەيران بولسا، بەزىلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنى ئوقۇتقۇچىسى ياڭ مۇئەللىم چاقىرتىپ:

— مەڭ!— دېدى ئۇنىڭغا بىر ئانكېتنى تەڭلەپ.

ۋاڭ يەنلىن سوئال نەزىرى بىلەن ياڭ مۇئەللىمگە قارىدى.

— مۇئەللىم، بۇ......

— ھە، ئوقۇپ باقسىڭىز بىلىسىز، بۇ سىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت. بۇنى ئاددىي بىر ئانكېت دەپ قالماڭ، كەلگۈسىڭىزنىڭ يول خېتى دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، شۇڭا ئەستايىدىللىق بىلەن ھازىرلا تولدۇرۇپ چىقىڭ. مەن ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، فاكۇلتېت مۇدىرىغا ئىمزا قويدۇرۇپ، ئەتە مەكتەپ

پارتكومىغا سۇنىمىز.

ۋاڭ يەنلىن جەدۋەلگە مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ، بۇنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالىدىغان ئانكېت ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ئەسلىي ئوقۇغۇچىلاردىن يەتتە نامزات كۆرسىتىلگەن. بىز ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، كۆپ تالاشتۇق. مەن سىزگە دىققەت قىلىۋاتقىلى خېلى ئۇزاق بولغان، — ياڭ مۇئەللىم ۋاڭ يەنلىنگە گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى، — بىرقانچە جەھەتتىن مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان. بىرىنچىدىن، سىز بەك مەسئۇلىيەتچان ھەم ئاق كۆڭۈل، يەنە كېلىپ بەك ئەستايىدىل. ئىككىنچىدىن، سىز جاپاغا چىدايسىز. ئۈچىنچىدىن، ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان ئەقىدىڭىزدىن قەتئىي ۋاز كەچمەيسىز. تۆتىنچىدىن، سىز ئۆزگىچە مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە ياخشى ئوقۇغۇچۇم، سىزنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ چوقۇم ناھايىتى ياخشى بىر ئورۇنغا ئىگە بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل، لېكىن سىزنى بەش يىل يېتەكلەپتىمەن، مېنىڭ سىزنى مۇشۇ مۇنبەردە تۇرغۇزۇپ يەنە كۆپرەك يېتەكلىگۈم بار. چۈنكى، بۇ مۇنبەردە سىزگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلىرىملا مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. شۇڭا، مەن مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، سىزنى مۇشۇ مەكتەپتە ئېلىپ قېلىشقا ماقۇل كەلتۈردۈم. قانداق، مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەشكە قوشۇلىدىغانسىز؟

ۋاڭ يەنلىن تۇرۇپلا قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولغان بولسا ئۆزى ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ يول خېتىنى بەرگەن مۇئەللىمگە ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولاتتى، لېكىن

ۋاڭ يەنلىنگە بۇ تەكلىپ تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى. چۈنكى، ۋاڭ يەنلىن خېلى بۇرۇنلا ئۆز كەلگۈسىنىڭ خەرىتىسىنى ئېتىز - قىرلاردا، توپىلىق يوللاردا خىيالەن سىزىپ بولغان. ھەممىگە ئايان، «يېزا ئىگىلىك» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇنىڭ يېزىلارنى مەركەز قىلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ۋاڭ يەنلىن ئۆزىنى دېھقانچىلىققا، دېھقانلار ئارىسىغا ئاتالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ تېكەس يېزىلىرىدا، يايلاقلىرىدا ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى دېھقان، دېھقان تۇرمۇشى، دېھقان جاپاسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس. ئاتا - ئانىسىنىڭ تارتقان جاپاسى، يېزا تۇرمۇشى كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە يېزىغا، دېھقانچىلىققا، دېھقانلارغا بولغان ساپ ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرگەن. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان «تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ئىبارەت تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتنىڭ ئاچقۇچى تەگدى. بۇنىڭغا كىممۇ خۇشال بولمىسۇن؟ لېكىن، ۋاڭ يەنلىنىنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ياخشىراق ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىشى كېرەك - تە......

— رەھمەت مۇئەللىم، بۇ جەدۋەلنى ئەتە ئەتىگەنگىچە تولدۇرۇپ بەرسەم بولامدۇ؟

ياڭ مۇئەللىمنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزدى - يۇ، لېكىن بۇ تىرىشچان ئوقۇغۇچىسىغا پۇرسەتنى كۆپرەك بېرىش ئىستىكىدە يەنىلا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

— بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنگە قالمىسۇن.

ئۇ ياڭ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدىن يوغان بىر تاغنى ئۆشنىسىگە يۈدۈۋالغاندەك چىقتى. ئۇ ئالدىدىكى ئىككى يولنى

ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ۋەزىنىنى كۆڭلىدە مۇلاھىزە قىلاتتى: «تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى»دىن ئىبارەت بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى بولسا ھېچقانچە كۆچمەيلا مۇقىم كىرىملىك خىزمەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىغا ئىگە بولالايدۇ. ئۇ جەدۋەلنى تولدۇرسىلا فاكۇلتېت تامغىسى بېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار تېخىمۇ ئاسان. فاكۇلتېتنىڭ تامغىسى چۈشسە مەكتەپنىڭ تامغىسى چۈشىدۇ- دە، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئايدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمى تارىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاش جەدۋىلىگە قېتىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنبەردە سۆزلىيەلىگۈدەك، ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى تەتقىقات تېمىلىرىغا يېتەكلىيەلىگۈدەك خېمىرتۇرۇچ بار. يەنە بىر يول بولسا، ئۆزى ئۈچۈن نامەلۇم بولغان ۋە ياكى مۆلچەرلەش تەس بولغان، تولىمۇ جاپالىق ۋە مۈشكۈل، تولىمۇ ئۇزاق بىر يول. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ ئىككى يولنى ئۆز مۇھاكىمىسى بويىچە فورمۇلالاشتۇراتتى. ۋاڭ يەنلىن بۇنى ئىككى كۆرسەتكۈچكە يىغىنچاقلىدى. بىرى مەكتەپتىن ئىبارەت ئەۋزەل شارائىت؛ يەنە بىرى، تولىمۇ مۈشەققەتلىك ئەمگەك شارائىتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىنىڭ قايسى يولغا بەكرەك ئەقىدە قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ باقتى - يۇ، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ قىيىنچىلىق ۋە جاپالىق يولغا ئۆزىنى ئاتاپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دەپتىكەن كونىلار. ئۇ كۆڭۈل توختىتىپ بولغان ئاشۇ ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەسلىكنى قارار قىلدى! ئۇ ئىككىلىنىش ۋە مۇلاھىزىلەردىن كېيىن بېكىتكەن بۇ ئاخىرقى قارارنى ياڭ مۇئەللىمگە ئېيتىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردىلا ياتاقتىن چىقتى. ئۇ ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

— توك- توك- توك......

ئىشىكنىڭ چىكىلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ياڭ مۇئەللىم ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىسىنى كۆرۈپ ئانچە ھەيران قالمىدى. ياڭ مۇئەللىم ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ يەنلىننىڭ قولىدىكى تولدۇرۇلمىغان جەدۋەلنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشەندى.

— دېمەك، بۇ يەردە قالغۇڭىز يوقكەن - دە؟

— شۇنداق، مۇئەللىم، مېنىڭ ئىستىقبالىمنى يېزىدىن، دېھقانلار ئارىسىدىن ئىزدىگۈم بار.

— بولدى، چۈشەندىم. لېكىن، كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ، مېنىڭ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى.

— رەھمەت مۇئەللىم. بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولدۇم. بىراق، تۇرمىغان مېھمانىنىڭ كەتكىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق. مەن تاللىشىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمەن، چۈنكى سىز مېنىڭ ئەڭ ئەقىللىك، ئىلغار پىكىرلىك ئوقۇغۇچۇم تۇرسىڭىز.

ۋاڭ يەنلىن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، توقسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن خىزمەت تاپتى. «توقسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان، بۇ نەچچە قەۋەتلىك كىچىك بىنا ناھىيە ئىچىدە بولغان بىلەن، ئەمەلىي خىزمەت ئورنى يېزىدا، دېھقانلار ئارىسىدا ئىدى. بۇ جاپالىق يولنى تاللىۋالغان خۇيزۇ يىگىت ۋاڭ يەنلىن ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا، توپا - تۇمان، ئېغىر ئەمگەك، جاپا دېگەنلەرگە باشچىلاپ كىرىپ كەتتى.

ۋاڭ يەنلىن خىزمەتكە قاتناشقان ئىككى يىل جەريانىدا، بۇرۇنقى قالاق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇھتى ياخشىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئاشقان بولسىمۇ،

لېكىن دېھقانلارنىڭ ئېڭىدا ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە چوقۇم ھەل قىلىنىسا بولمايدىغان بەزىبىر مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇ-لارنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ قۇرۇق



شوئارغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ بار-غانلا يېرىدە دېھقانلارغا مەسلىھەتچى، ئاكتىپ مۇلازىمەتچى بو-لۇپ، دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا، تەشكىلنىڭ دىققەت - ئې-تىبارىغا مۇۋەپپەق بولدى. بىزدە: «بولىدىغان ھوسۇل كۆكىدىن مەلۇم» دېگەن گەپ بار. ۋاڭ يەنلىننىڭ بۇ ئىككى يىللىق خىز-مەت جەريانىدىكى جان كۆيەرلىكى، ئەمەلىيەتچانلىقى، خىزمەت تەپەككۇرىدىكى يېڭىلىق رەھبەرلىكنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۈچىنچى يى-لى يەنى 2001 - يىلى ئۆگەن يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىق-لىقىغا تەيىنلەندى.

# چاكار

ۋاڭ يەنلىن يېڭى خىزمەت ئورنىغا چىقىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە كەنت رەھبەرلىرى خىزمەت يىغىنىدا مىكروفون ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «يولداشلار، بۇ يەردە ئولتۇرغان كۆپىنچىمىزنىڭ پالانى شۇجى، پوكۇنى شياڭجاڭ، پالانى دۈيجاڭ دېگەندەك قالپىقىمىز بار. لېكىن، شۇنىسى ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، مەيلى مەن بولاي ياكى سىز بولۇڭ، بىز ئالدى بىلەن بىر چاكار ــ خەلقنىڭ چاكىرى، بىز دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ تۇپراقتىكى جاپاكەش دېھقانلارنىڭ چاكىرى!»

ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئون نەچچە يىلدا ۋاڭ يەنلىن سۆزىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتتى. بەزىدە ۋاڭ يەنلىننىڭ ئېسىگە ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى ياڭ مۇئەللىم بەرگەن ئازكىت كېلىپ قالاتتى، ھەتتا شۇ قېتىم يولنى توغرا تاللىيالمىغاندەك تۇيغۇدا بولاتتى - يۇ، لېكىن موھتاجلىق بىلەن ئالدىغا كەلگەن دېھقاننى، بىرەر دېھقاننىڭ قورۇق باسقان يۈزىدىكى شادلىقنى، كۆرۈشكىلى سۇنۇلغان يېرىلىپ كەتكەن، قاداق باسقان قوللارنى كۆرسە، كۆڭلىدىكى بۇ غەشلىك دەرھال تارقاپ، شۇ قېتىمقى تاللىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى؛ دېھقاننىڭ غېمى، دېھقاننىڭ شادلىقى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان بۇ يىمىرىلمەس ئەقىدىنىڭ ئالىقاچان قەلبىنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى تونۇپ يېتەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ دېھقانلار ئارىسىدى-

كى ئون نەچچە يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىگە دېھقان ئۈچۈن باس-
قان قەدەملىرى ۋە دېھقانغا سۇنۇلغان ھىممەتلىرىنىڭ ساناق-
سىز قۇرلىرى خاتىرىلىنىپ كەلدى.





2002 - يىلى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەلكۈن كېلىپ، قى-
زىل سۇ ئامبىرى خەۋپ ئىچىدە قالدى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئو-
رۇنلار ئامبارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارتۇق سۇنى
ئۆگەن دەرياسىغا باشلاشنى قارار قىلدى. تىمتاس ئۆگەن دەريا-
سىغا كەلگەن بۇ كەلكۈن كۇچار، شايار، توقسۇ ناھىيەلىرىگە
خەۋپ ئېلىپ كەلگەنىدى. 22 - چېسلا كەچ سائەت 11دە يېزى-
لىق پارتكوم كادىر ۋە ئاممىنى تەشكىللەپ، خەتەرنىڭ ئالدىنى
ئېلىشقا چاقىردى. مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولغان ۋاڭ يەنلىن
كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش سېپىنىڭ باش قوماندانلىقىنى

ئۇستىگە ئېلىپ، دەرھال ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگەن يېزىسىغا تەۋە مۇداپىئە رايونىدىكى توسما قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا ئامما بىلەن تەڭ ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئارقا سەپ ئىشلىرىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى ئىگىلەيتتى؛ مۇناسىۋەتلىك تېخنىك خادىملار ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشتە تەجرىبىسى بار پېشقەدەملەردىن پىكىر ئالاتتى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى، سۇ كېچىپ ئىشلەپ، دېھقانلارنىڭ جاپاسىغا ئورتاقلىشاتتى. 23 - چېسلا سەھەر سائەت 1 دە ۋاڭ يەنلىن كەلكۈننىڭ ساغتام دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ دەرھال بەش كادىر، ئىككى كەنتتىكى 80دىن ئارتۇق دېھقاننى باشلاپ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، قۇتقۇزۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان كەلكۈن دەريا، ئۆستەڭ قاشلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ئېتىزلارنى، مەھەللىلەرنى سۇ بېسىپ كېتىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى. ئىشەنچكە تولغان چىرايلار، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەر ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى، ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىن، سۇغا سەكرەپ چۈشتى. كەلكۈن تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، ئۇنى يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. جەڭ باشلىنىپ كەتتى. باشقىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن سۇغا سەكرەپ چۈشتى. ئادەمدىن قۇدرەتلىك بىر تام ھاسىل بولدى. «ھايت - ھۇيت» دېگەن چۇقان سادالىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. بۇنداق شارائىتتا ئۇنىڭ ھارغىنلىقى، ئاچلىقى، ئۇسسۇزلۇقى بىلىنەتتىمۇ؟ ئاخىر كەلكۈن ئاستا - ئاستا ياندى، خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ يەتتە كۈندە ۋاڭ يەنلىن جاپانىڭ نېمىلىكىنى، ئاممىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ تەڭداشسىز بولىدىغانلىقىنى، دېھقاننىڭ جا-

پاسىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى.
2004 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ۋاڭ يەنلىن ئۆ ـ
زى مەسئۇل بولغان توغرا ئېرىق كەنتىگە خىزمەتلەرنى تەكشۈ ـ
رۈشكە باردى. ئۇ توغرا ئېرىق كەنتى 3 ـ مەھەللىگە كەلگەندە،
ياسىن قەيۇمنىڭ ھويلىسىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقانلى ـ
قىنى بايقاپ قېلىپ، دەرھال ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ھويلى ـ
دا بەش ـ ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا قاتتىق يىغلا ـ
ۋاتاتتى. ئەسلىدە بۇ ھويلىغا ئوت كەتكەن بولۇپ، ئۇ بالىنىڭ ئاتا
ـ ئانىسى ئېتىزلىققا كەتكەنىدى. بۇ ئوتنى دەرھال ئۆچۈرمىسە،
بۇ ئۆيدىكى مال ـ مۈلۈك كۆيۈپ كېتىش بىلەن بىرگە، قوشنى ـ
لارنىڭ ئۆيىگىمۇ ئوت تۇتىشىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ۋاڭ
يەنلىن دەرھال يۈگۈرۈپ ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ: «يۇرت ـ
داشلار، ئوت كەتتى! دەرھال كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرەيلى!» دەپ كەي ـ
نى ـ كەينىدىن قاتتىق ۋارقىرىۋېتىپ، ئۆزى ئاۋۋال ئوت ئۆچۈ ـ
رۈشكە تۇتۇش قىلدى. مەھەللىدىكىلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن
يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەماللىققا ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدە باشقى ـ
لارغا بۇيرۇق بېرىپ، قوماندانلىق قىلىپ، بىر نەرسىلەرنى كۆ ـ
تۈرۈپ يۈرگەن، پۈتۈن بەدىنى ئىسنىڭ دەستىدىن قاپقارا بولۇپ
كەتكەن بۇ ئادەمنى تونۇيالمىدى. ئوتنىڭ ئۆزى بۇيرۇق تۇرسا،
ئارتۇق ئويلىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ـ تە. ئىككى سائەتتىن
كېيىن ئوت ئۆچۈرۈۋېلىندى. ئىس ـ تۈتەكمۇ تارقىدى. كۆپچى ـ
لىك كۆيۈپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەك ۋە كۈل دۆۋىلىرى ئارىسى ـ
دىن چىقىپ كەلگەن بۇ ئادەمنى كۆرۈپ، ھاڭ ـ تاڭ قالدى.
ــ ۋاڭ يېزا باشلىقى؟!...... تەرەپ ـ تەرەپتىن سۇنۇلغان
قاداق باسقان قوللار ئۇنى ئورىۋالدى. دېھقانلارنىڭ باياشات تۇر ـ
مۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ يېزا باشلىقى

ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب پەزىلىتىنى باشقىلاردىن بەك-رەك چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ دېھقانغا بولغان قەلب رىشتىسى كۈندىن- كۈنگە مەھكەم باغلىنىپ كېتىپ باراتتى.

جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ. دېھقان روھىنى تولىمۇ ئۇ-لۇغ روھ دەپ تەرىپلىشىدىكەنمىز، شۇڭلاشقىمۇ دېھقانغا ئاتال-غان قەدەممۇ بەك خاسىيەتلىك بولۇپ ئۇلۇغلىنىدىغان ئوخشاي-دۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا مەنسەپ ھويلىسىغا دەسسەپ قالغان كى-شىلەردىن بەزىلىرى بىر ئۆمۈر شۇ ئىشىك تۈۋىدە ئۆمرىنى ئۆت-كۈزۈۋېتىدىكەن، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭغا پۇتىنى ئالا - ئالمايلا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىدىكەن. لېكىن، ۋاڭ



يەنلىننى دېھقان روھى يۆلىدى دېسەك تامامەن ئورۇنلۇق. ۋاڭ يەنلىن خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۈچىنچى يىلى مۇئاۋىن يېزا باش-

لىقى بولغان بولسا، بەش يىلدىن كېيىن يەنى 2006 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دېھقان روھى ئۇنى يەنە يۆلەپ، ئۇنى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى.

2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي، ۋاڭ يەنلىن باشقىلاردىن خانقىتام كەنتىدىكى 33 ياشلىق دېھقان، پارتىيە ئەزاسى قادىر ئادىلنىڭ سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خىراجەتتىن قىينىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قادىر ئادىلنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ ئەسلىدە بۇ دېھقان يىگىتنى تونۇيتتى. نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئېتىزدا، يوللاردا سالاملاشقان، پاراڭلاشقان، ھەتتا بىرقانچە قېتىم يېزا بازىرىدىكى سامسىخانىدا بىللە سامسا يېيىشكەن. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى ۋاڭ يەنلىن ئىلگىرى كۆرگەن، چاقچاقچى، قاۋۇل يىگىت بولماستىن، ئاغرىق دەستىدىن تاتارغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، گەپنىمۇ ئاران قىلغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان باشقىچە بىر قادىر ئادىل ئىدى. ئۆششاق بالىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا «ئاتا!» دەپ يىغلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ۋاڭ يەنلىننىڭ يۈرىكى بەكلا ئېچىشتى.

ــ بار بىساتىمىزنى سېتىپ بولدۇق، بىزدە ھېچنېمە قالمىدى، شۇنداقتىمۇ قان تازىلاتقۇزمىساق بولمايدىكەن، ــ ئۇنىڭ ئانىسى ۋاڭ يەنلىننى ئۇزىتىپ چىققۇچە يىغلاپ كەتتى.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، مەن بۇ قىيىنچىلىقىڭلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىمەن، ــ ۋاڭ يەنلىن شۇ ھامان يېزىغا قايتىپ، ئەھۋالنى يېزىلىق پارتكومغا دوكلات قىلدى ۋە پۈتۈن يېزىدىكى پارتىيە ئەزاسى، كادىر، ئوقۇتقۇچى، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ، ئۇنىڭ بىر

قىسمىم داۋالىنىش خىراجىتىنى ھەل قىلىشىپ بېرىشنىڭ
سىرتىدا يەنە پات - پات نەرسە - كېرەك ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ
تۇردى.

خەلقنى سۆيگەننى خەلقمۇ سۆيىدۇ، شۇنداقلا يۇقىرى دە-
رىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.
2011- يىلى ۋاڭ يەنلىن توقسۇ ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى
ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ۋە مۇئا-
ۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى
ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، دېھقانىنىڭ غېمى ئۈچۈن سوقىدىغان يۈرى-
كى ھەر دائىم ئۇنى يەنە دېھقاننى ئەسلىتىپ، دېھقاننى يوقلى-
تىپ تۇراتتى.



2014 - يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن،
بىردىنلا ھاۋا ئۆزگىرىپ، قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ئىككى
كۈن ئۇدا توختىماي چىققان بوران قۇملارنى ئۇچۇرۇپ، دېھقان-

چىلىق ئىشلىرىغا نۇرغۇنلىغان زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ يەنلىن شۇجى بولۇپ ئىشلەۋاتقان توقسۇ ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىنىڭ ياردەم بېرىش نۇقتىسى بولغان ئىچئېرىق يېزىسى ئاقيار كەنتى شامال ئېغىزىدا بولغاچقا، تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. بوران تېخى توختىماي تۇرۇپلا، ۋاڭ يەنلىن ئاقيار كەنتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كەنتكە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا سولىياۋ يېپيېپ تېرىلغان كېۋەزلەر شۇنداق تەكشى ئۈنۈپ، مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە 3000 مو يەردىكى كېۋەزلىك ۋەيران بولغان بولۇپ، ئېتىزلاردىكى سولىياۋ پارچىلىرى قالايمىقان ئۇچۇشۇپ، ئەمدىلا تۆت قۇلاق بولغان يۇمران كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئورنىدا، يىڭنىدەك پاخاللار بىچارە ھالەتتە شۈمشىيىپ، بوينىنى قىڭغىر قىلىشىپ تۇرۇشاتتى. پۈتۈن دېھقانلار، چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئېتىز بېشىغا چىقىۋالغان بولۇپ، ئۇلار بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا قىر ئۈستىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشاتتى، ھەتتا بەزىلەر كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى.

— قاندلاقمۇ قىلارمىز؟

— بىر يىللىق تاپاۋىتىمىز شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىغۇ؟ — دېيىشەتتى ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن. ۋاڭ يەنلىننىڭ يۈرىكى تولىمۇ ئاچچىق بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دېھقانلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىنى كۆرۈپ پۈچىلىناتتى. ئۇ ئۇيان - بۇيانغا ماڭدى، يىراقلارغا نەزەر سېلىپ ئويلاندى.

— بولدى، كۆڭلۈڭلارنى بۇنداق يېرىم قىلماڭلار! —دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ، — زىيان ھەقىقەتەن ئاچچىق، لېكىن بىز بۇنداقلا بەل قويۇۋەتسەك بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئامال قىلىشىمىز كې-

رەك!

— ئەمدى بولغاندا قانداق ئامال بار؟

— ئامالىنى چوقۇم تاپىمىز! سىلەر بىزگە، تەشكىلگە ئىشىنىڭلار! — دېدى ۋاڭ يەنلىن ئۆزىنى ئورىۋالغانلارغا. ئۇ كەنت ئىشخانىسىغا قايتىپ، كەنتتىكى رەھبەرلەر ۋە پېشقەدەم دېھقانلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىندا ۋەيران بولغان كېۋەزلىكتىن 2800 مو يەرنى قايتىدىن تېرىش كېرەكلىكى بېكىتىلدى.

ۋاڭ يەنلىن بىر تەرەپتىن يېزىلىق ھۆكۈمەت، يەنە بىر تەرەپتىن سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قايتا تېرىش تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىدى، ئاندىن ئامما بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇدا نەچچە كۈن جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، ئاخىر قايتا تېرىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق تۈگىدى. ئاشۇ بىرقانچە كۈندە ئۇ ئىشخانىسىغىمۇ قايتماي، ئىدارىسىدىن تېلېفون كەلسە خىزمەتلەرنى تېلېفوندىلا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشۇ دېھقانلار بىلەن شۇ مۈشكۈل كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزدى.

# ۋاڭ يەنلىننىڭ يېڭى تۇغقانلىرى

«تۇغقان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار قانداشلىقى يوق كىشىلەر ئارى-



سىدا تۇغقانلاردەك يېقىن مۇناسىۋەتنى پەيدا قىلىدۇ. ۋاڭ يەنلىن يېڭى تۇغقانلىرىنىڭ نەزىرىدە مېھرىبان، شەخسىيەتسىز، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم. كۈندىلىك تۇرمۇشتا قانداش تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ ئىنساب، دىيانەت سۇسلىشىپ، بىر - بىرىگە

يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن، ۋاڭ يەنلىن تۇرمۇشنىڭ جاپاسىدا تېڭىرقاپ قالغانلارغا، موھتاجلىق ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقانلارغا ئۇزاقتىن بۇيان ھەقىقىي تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ، ئاجىزلارنىڭ، يار-يۆلەكسىزلەرنىڭ ھەقىقىي تۇغقىنى بولۇپ كەلمەكتە. ۋاڭ يەنلىن خىزمەت بىلەن قەيەرگە بارسا، ئالدى بىلەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ.

بەزى كادىرلار دەرد ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئەمەس، ھېچبولمىغاندا ئەھۋالىنى سوراپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ. لېكىن، ۋاڭ يەنلىن قېيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىدىغان ئىشلارنى ئۆزى ئىزدەپ تاپىدۇ. شۇنچە يىللاردىن بېرى ۋاڭ يەنلىن دېھقانلار ئارىسىدىن يېڭى تۇغقان تاپتى، بۇ تۇغقاندارچىلىقنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

بەزىلەر بىرەر خالتا ئۇن ياكى گۈرۈچ چوڭ نەرسە ئەمەس دېيىشىدۇ. لېكىن، موھتاجلىق تارتىۋاتقان كىشى ئۈچۈن بەزىدە بىرەر خالتا ئۇن، ياغ، گۈرۈچ پەقەت ياخشى كۆڭۈللا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھايات، كەلگۈسىدىن دېرەك بېرىشىمۇ مۇمكىن. دېھقانلارنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ چوڭ بىر ئېقىن، ئۇنىڭغا چۈشكەن بىر تامچە سۇمۇ ئاجايىپ قۇدرەت بېغىشلىيالايدۇ.

2002-يىلى 9-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشكىچۈش ۋاقتى. ۋاڭ يەنلىن تەسادىپىي مەكتەپ فورمىسى كىيگەن بىر قىزنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ يەنلىن يەنە بىرقانچە قېتىم ئۇ قىزنىڭ ئەتىگەن ۋە چۈش ۋاقتىدا يۈگۈرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىش ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ قىز ئىسسىق-سوغۇق دېمەي، چۈش ۋاقتىدىمۇ يۈگۈرەيتتى. ئېنىقكى، بۇ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئە-

مەس، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار.

بىر كۈنى كەچ ۋاڭ يەنلىن ئاشۇ قىزنىڭ يول بويىدىكى ئورمانلىقتا يىغلاۋاتقانلىقىنى، يېنىدا 40 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئايالنىڭ يىغلامسىراپ، گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— جېنىم بالام، ۋېلسىپىت دېگەن پۇلغا كېلىدۇ، نېمىگە ئېلىپ بېرىمەن شۇ ۋېلسىپىتنى؟ — دەيتتى ئۇ ئايال.

— كۈندە كېچىكىپ قېلىۋاتىمەن. مۇئەللىم كېچىككەنلەرگە خاپا بولۇپ تازىلىقتا سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈندە تازىلىق قىلىمەن، — قىز يىغلاۋاتاتتى.

— كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى دەيسەن، ئۇنى تولۇق جايلاپ بېرەلمەيۋاتسام، ۋېلسىپىت ئالغانغا پۇلنى نەدىن تاپىمەن؟! سەن ئەھۋالىمىزنى ئوبدان بىلىسەنغۇ، قىزىم.

قىز يىغلايتتى، ئانا تەڭقىسلىقتا قىزىغا يالۋۇراتتى. موھتاجلارغا ياردەم بېرىشنى مەڭگۈلۈك ئەقىدىسى قىلغان ۋاڭ يەنلىن چىداپ تۇرالماي دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى.

— ئاچا، نېمە بولدى، بۇ قىز نېمىشقا يىغلايدۇ؟ — دېدى ئۇ راۋان ئۇيغۇر تىلىدا.

— ۋاي ئۇكام، پۇلنىڭ گېپى بولمامدۇ. ۋېلسىپىت ئېلىپ بەر دەيدۇ، — ئايال ئۇھ تارتاتتى. ۋاڭ يەنلىن تەپسىلىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ناھىيەلىك ياشانغانلار ساناتورىيەسىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى، قىزى رازىيەنىڭ دادىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىقتا ئوقۇۋاتقانلىقى ۋە ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— بۇنى ئېلىڭ، — دېدى ئۇ پۇل قاپچۇقىدىن 200يۈەننى ئېلىپ، — جىقراق بېرەي دېسەم، مەندە بارى شۇكەن. بۇنى كى-

تاب ۋە ئوقۇش پۇلىغا بېرىپ تۇرۇڭ، ۋېلىسىپىتكە مەن ئامال قىلىمەن.

— نېمە؟! بۇ پۇلنى ماڭا بېرەمسىز؟! ماڭا نېمىشقا پۇل بېرىسىز؟ مەن سىزنى تونۇمىسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ مې-نى تونۇمايسىز، بۇ...... بۇ...... — ئايال دەماللىققا هاڭ - تاڭ قېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كېكەچلەپ كەتتى.

— شۇنداق، ئىككىمىز تونۇشمايمىز، لېكىن هازىر تو-نۇشتۇققۇ؟ مېنى تۇغقىنىم دەپ بىلىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز بولىمەن. مەن ئۆگەن يېزىلىق هۆكۈمەت-تە ئىشلەيمەن. ئاپپاق سىڭلىم، ئانىڭىزغا جاپا سالماي ياخشى ئوقۇڭ - ھە!— ۋاڭ يەنلىن شۇنداق دېگىنىچە قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— توۋا...... توۋا...... — ئايال ھەيرانلىقتا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. دېمىسىمۇ تونۇمايدىغان بىراۋغا 200 يۈەن ئەمەس ئىككى يۈەن بەرسىمۇ ھەيران قالىدىغان ئىش تۇرسا! بۇ ھەيرانچىلىق بۇنىڭ بىلەن تۈگەپ قالمىدى. ئۈچ كۈندىن كې-يىن، ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئۇرۇلدى. هويلىدا دەرس تەكرارلاۋات-قان رازىيە دەرۋازىنى ئېچىپ، بىر ۋېلىسىپىتنى تۇتۇپ تۇرغان ۋاڭ يەنلىننى كۆردى - دە، «ئانا!» دەپ ۋارقىرىدى. رازىيەنىڭ ئا-نىسى دەرۋازا ئالدىدا ۋېلىسىپىت تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرغان ۋاڭ يەن-لىننى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— ماۋۇ ۋېلىسىپىتنى ئۆزۈم سېتىۋالغىلى ئۇزاق بولمى-غان، يېڭىدىن ئېلىپ بېرەلمىدىم، بۇنى هازىرچە رازىيە مىنىپ تۇرسۇن.

— ۋاي جېنىم ئۇكام، نېمە قىلىۋاتىدىغانسىز؟!— ئانا هايا-جاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى، — سىزگە نېمە

دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار......

— ھېچنېمە دېمەڭ، چۈنكى مەن سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز!

ئانا بىلەن قىزى رازىيە ئۇزاپ چىقىپ كەتكەن ۋاڭ يەنلىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ۋاڭ يەنلىنىڭ «مەن سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز» دېگەن گېپى جاراڭلايتتى. كېيىن ۋاڭ يەنلىن ۋېلىسىپىت مىنىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان رازىيەنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ يېڭى تۇغقىنىغا ئازراق بولسىمۇ خاتىرجەملىك بېرەلىگىنىدىن تىنىم تاپقانىدى.

2005 ـ يىلى كۈز. ۋاڭ يەنلىن توغرا ئېرىق كەنتىگە خىزمەتكە بېرىپ، كەنت ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ۋاڭ يەنلىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇچىنچى مەھەللىدىكى مەخمۇت ئىسىملىك بىر يەلىنى-



نىڭ ۋاپات بولغانلىقى، ئۇ كىشىنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقى بەكلا ئېغىر بولغانلىقتىن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قىلىشتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

ــ مانا بۇنى ئىشلىتىڭلار! ــ دېدى ئۇنىڭ دېھقانغا مەرد قولى پۇل قاپچۇقىنى ئاختۇرۇپ. كەنت ئىشخانىسىدىكىلەر ھەيرانلىقتىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپلا قالدى. ئەتىسى ئۇنىڭ ماشىنىسى يەنە كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ مەخمۇتنىڭ ئۆلۈم نەزىرىسى ئۈچۈن يەنە بىر خالتا گۈرۈچ، بىر تۇڭ ياغ ئېلىپ كەلگەنىدى.

2008 ـ يىلى، ۋاڭ يەنلىنىنىڭ ئۆگەن يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرى. ئۇ غولئېرىق كەنتىگە خىزمەتكە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

ــ 90 پىرسەنت ئائىلىلەرنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرى تۈگىدى، قالغانلىرى تېرىۋاتىدۇ. لېكىن شۇ......ــ كەنت شۇجىسى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە بېشىنى قاشلىدى.

ــ نېمە؟ بىرەر ئەھۋال بارمۇ؟ نېمە گەپ بولسا ئېنىق دەڭ؟ــ دېدى ۋاڭ يەنلىن كەنت شۇجىسىغا.

ــ چوڭمىغۇ ئەھۋال ئەمەس، لېكىن شۇ...... قەمبەرخان ئىسىملىك بىر قېرى ئايال بار، 70تىن ئاشقان. بىرلا ئوغلى بار ئىدى، ئىچكىرىگە ئىشلەمچىلىككە كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۈچ جان شۇ ئوغلىنىڭ ئەۋەتكەن پۇلىغا قاراشلىق. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىرىقچىلىق ئىشلىرى سەل ئاقساپ قېلىۋاتىدۇ.

ــ يەرنى تېرىشقا كېتىدىغان ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق دېگەنلەرنى جايلاپ بولالمىدى. شۇڭا...... ــ قوشۇپ قويدى كەنت

مۇدىرى.

ۋاڭ يەنلىننىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلدى.

— بولدى، مەن چۈشەندىم. ئوغۇت، ئۇرۇق، سولياۋ يوپۇق دېگەنلەرنى مەن ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي، ئەمگەك كۈچى ۋە باشقا تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا كەنتتىن مەسئۇل بولۇڭلار. مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ يېرىنى تېرىۋېتەيلى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوغۇت، ئۇرۇق، سولياۋ يوپۇق قاچىلانغان بىر تىراكتور كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەمدىلا ئىشخانىغا كەلگەن كەنت مۇدىرى، ھەيرانلىقتىن تۇرۇپلا قالدى.

— ۋاڭ شۇجى ئەۋەتتى، — دېدى تىراكتوردىن سەكرەپ چۈشكەن شوپۇر بالا مۇدىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك.

— بۇنىڭ پۇلىچۇ؟

— ۋاڭ شۇجى بېرىپ بولدى. سىلەرنى تېزرەك تۇتۇش قىلىپ، ھېلىقى قېرى ئايالنىڭ يېرىنى دەرھال تېرىۋەتسۇن دەيدۇ. مەنمۇ سىلەرگە ياردەملىشىدىكەنمەن.

قەمبەرخان ئانىنىڭ يەرلىرى شۇ كۈنىلا ھەيدىلىپ، تېرىلىشقا باشلىدى.

— قەمبەرخان ئاچا، ئوغۇت، سولياۋ يوپۇقلىرىڭىزنى كىم ئېلىپ بەردى، ئۇقامسىز؟— دەپ سورىدى كەنت مۇدىرى ئېتىز بېشىدا چاۋار تېرىپ يۈرگەن قەمبەرخان ئانىدىن.

— ۋاي بالام، يېزىدىكى ھېلىقى ۋاڭ شۇجى ئەۋەتىپتىمىشقۇ، مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىدىم شۇ، — قەمبەرخان ئانا ۋاڭ شۇجىنى ئېتىز باشلىرىدا يىراقتىن كۆرگەن، لېكىن يېقىندىن كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى.

ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتتى. ھېيت ھارپىسى ئىدى. قەمبەر-

خان ئانا ئۆيىگە ئۇن، گۈرۈچ، ياغ كۆتۈرۈپ كىرگەن كۆزئەينەكلىك يىگىتنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئالدى.

— ۋاڭ شۈجى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئەتىيازدا ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق ۋە ئۇرۇق ئەۋەتىپ يېرىمنى تېرىتىپ بەرگەن ئىدىلە، ئەمدى بولغاندا يەنە بۇرمۇنچە كايىپ بۇ نەرسىلەرنى ئەكەپلا، مەن بەك تەڭلىكتە قالدىم. سىلىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

— قەمبەرخان ئاچا، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. زىرائەتلىرى ئوبدان ئۆسۈۋاتامدۇ؟ ئارىلىقتا ئۆزۈم يوقلاپ كېلىمەن دەپ ئۆيلىرىگە كېلىپ بولالمىدىم. نېمە قىيىنچىلىقلىرى بولسا ماڭا دېسىلە، بولامدۇ؟ ئوغۇللىرى ئوبدان ئىشلەۋېتىپتىمۇ؟

نۇرغۇن سوئاللار سورالدى. قەمبەرخان ئانا خۇددى يېقىن تۇغقىنىنى، بالىسىنى تاپقاندەك ۋاڭ شۈجىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتتى.

— رەھمەت بالام...... سىلىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت!......

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، مەن دېگەن سىلىنىڭ تۇغقانلىرى! — دېدى ۋاڭ يەنلىن جاۋابەن.

ۋاڭ يەنلىن ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق كەنتتىكى ياشتا چوڭىيىپ قالغان رېھىمخان روزىنىڭ ھېچقانداق قارىغۇچىسىنىڭ يوقلۇقى، قىيىنچىلىقىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ يەنلىن رېھىمخان روزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاران - ئاران مېڭىپ ئوچاق بېشىدا چاي قايناتىۋاتقان رېھىمخان ئانا

دەرۋازىسىنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرۋازىنى ئاچتى. رېھىمخان ئانا تېخى ئالدىنقى كۈنى ئۆيگە كېلىپ كەتكەن ۋاڭ شۇجىنىڭ ئۇن، گۇرۇچ كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ۋاي ئاللا! نېمە قىلغانلىرى بۇ بالام، مەن...... مەن...... — رېھىمخاننىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى.

— قىيىنچىلىق تارتىپ قاپتىلا رېھىمخان ئاچا، مەن بالدۇرراق خەۋەر تاپقان بولسام بوپتىكەن ئەسلى. بۇنى ئىشلىتىپ تۇرسىلا، مەن يەنە داۋاملىق سىلىنى يوقلاپ تۇرىمەن. قانداق قىيىنچىلىقلىرى بولسا مېنى ئىزدىسىلە، كەنتتىكى شۇجى، كەنت باشلىقلىرىغا دەپ قويىدۇم، ماڭا قانداق گەپلىرى بولسا شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، مېنى ئىزدەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتسىلا، ئاشۇلار سىلىنى مېنىڭ يېنىمغا باشلاپ بارىدۇ.

— رەھمەت!......ۋاڭ شۇجى، سىلىگە كۆپ رەھمەت، پارتىيەگە رەھمەت!

2015 - يىلى بالىلار بايرىمى كۈنى. ۋاڭ يەنلىن ئەتىگەندىلا ئاقيار مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. مەكتەپ ئىشخانىسىدا تۇرغان مەكتەپ مۇدىرى دېرىزىدىن ۋاڭ يەنلىننى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ۋۇي، ۋاڭ شۇجى كەپقاپتىغۇ؟— مەكتەپ مۇدىرى ۋاڭ يەنلىن بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، ئۇ كۆتۈرۈپ كىرگەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى، — نېمە بۇ؟

— باشقا نەرسىمىغۇ ئەمەس، بالىلارغا بولغان ئازغىنە كۆڭلۈم. ئانچە - مۇنچە ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئېلىپ كېلىۋىدىم، بالىلارغا ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قېنى، قىيىنچىلىقى بار دەپ قارالغان ئوقۇغۇچىلىرىڭىزدىن ئوننى چاقىرىڭ، جىق قىلالمىدىم، پورتماللىمدىكى مۇشۇنىڭغا يەتتى، —

دېدى ۋاڭ يەنلىن قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ۋاي رەھمەت، ئۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — مۇدىرنىڭ رەھمەت - تەشەككۈرلىرىدىن كېيىن، ئون ئوقۇغۇچى ئىشخانىغا چاقىرتىلىپ، ۋاڭ يەنلىن ئېلىپ كەلگەن ھەربىر يۈرۈشى 100 يۈەن قىممىتىدىكى ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

2015 - يىلى روزا ھېيت تولىمۇ ئوبدان ۋاقىتتا كەلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىسسىپ كېتىۋاتقان ھاۋا ھېيت كۈنى خۇددى روزا ھېيتنى تەبرىكلىگەندەك بەكلا سالقىن بولۇپ بەردى. ھەممە ئۆيدە ھېيت تەنتەنىسى بولۇۋاتاتتى، بالىلار چۇرقۇرۇشۇپ، يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. مەھەللىنىڭ بېشىدا بىر توپ كىشى كۆرۈندى. ئۇلار ۋاڭ يەنلىن باشلاپ كەلگەن كەنت كادىرلىرى ئىدى. ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ پەتىلەشتى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيىنى قالدۇرماي پەتىلىدى.

ۋاڭ يەنلىن ھېيت پەتىسى قىلىش جەريانىدا ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئاھالىلەرنى يوقلاپ، ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى بىلدۈردى. ۋاڭ يەنلىن بۇ قېتىمقى ھېيت پەتىسىدە نامرات، ياشقا چوڭىيىپ قالغان كىشى بولۇپ، ئوندەك كىشىنى 100 يۈەندىن پۇل بىلەن يوقلىدى.

2015 - يىلىدىكى قۇربان ھېيتمۇ كۈزنىڭ شۇنداق مەئىشەتلىك چاغلىرىغا توغرا كەلدى. ھېيت كۈنى، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئىشىكى ئالدىدا قوي سويۇش بىلەن ئالدىراش بولاتتى. دەل شۇ چاغدا بىر كىچىك ماشىنا كەنت كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ماشىنىدىن ۋاڭ يەنلىن چۈشتى. ئۇ شوپۇر بىلەن بىرلىكتە ماشىنىنىڭ كەينىدىن يوغان بىر قوچقارنى چۈشەردى، ئاندىن ئالايىتەن چاقىرتىپ كەلگەن بىر

قاسساپقا قوچقارنى سويدۇرۇپ، گۆشىنى ئۈچكە بۆلۈپ پارچىلاتقۇزۇپ، ئۇنى كەنتتىكى ئۈچ نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆز قولى بىلەن ئەكىرىپ بەردى. ئۇلاردىن ھېيتلىق ھال سوراپ بولۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.



ۋاڭ يەنلىنىڭ مۇشۇ ئون نەچچە يىلدا تونۇشقان ۋە ئۇزۇلدۇرمەي يوقلاپ، ھال - سوراۋاتقان تۇغقانلىرى ئىنتايىن كۆپ. ھەممىسىنىڭ ۋاڭ يەنلىنگە ئېيتىدىغىنى شۇ بىر ئېغىز « رەھمەت» دېگەن سۆز، ئۇلارنىڭ ئاڭلايدىغان جاۋابى بولسا «مەن سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز» دېگەندىن ئىبارەت. شۇنداق، ۋاڭ يەنلىن ئون نەچچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا توقسۇ تەۋەسىدە نۇرغۇن تۇغقانلىرى بىلەن تونۇشتى، تۇغقانلىق رىشتى تا ھازىرغىچە ئۇنى بۇ سېھىرلىك يۇرت بىلەن باغلاپ كەلمەكتە.

## ئەقىدە

ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەزىلەر سەكسەن، توقسان، ھەتتا يۈز ياشقىچە ياشايدۇ، بەزىلەر بولسا ياش تۇرۇپلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. مەيلى ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن ياكى قىسقا



بولسۇن، ئادەم ھاياتىنىڭ ھامان بىر خۇلاسىسى بولىدۇ. بەزىلەر شۇنچە ئۇزاق ياشىسىمۇ، ھاياتىدا باشقىلارنىڭ رەھمىتىگە ئې-رىشەلمەيدۇ، ھېچبولمىغاندا ئىنسانلىق بۇرچ ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر قېتىم باشقىلارغا رازىمەنلىك كۈلكىسى بېرەلمەيدۇ. لې-

كىن، يەنە شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار قىسقىغىنە ھاياتىنى قەدىرلەپ، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئۇلار ئېرىشىشكە قارىغاندا بېغىشلاشنى بەكرەك مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ.

ۋاڭ يەنلىننىڭ ئون نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىدىن نۇرغۇن ھېكايىلەر تارقىلىپ كەلدى. ئەلۋەتتە بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىلا يېزىلاردىكى جاپاكەش دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېزا بىلەن دېھقان ۋاڭ يەنلىننىڭ ئەقىدىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ۋاڭ يەنلىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە، لايىقى بىلەن مۇنداق پاراڭلىشىدۇ:

— مېنىڭ بىر يېتەرسىزلىكىم بار، سەزدىڭىزمۇ؟

— ياق. قانداق يېتەرسىزلىك؟ مەن ئەجەب بايقىيالمىدىمغۇ؟

— ئېھتىمال ھازىر بايقىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

— قانداق يېتەرسىزلىك، تېزرەك دېسىڭىزچۇ؟ مەن بالدۇرراق ئۇقۇپ قالاي، — دېدى لايىقى تەقەززالىق بىلەن.

— مەن بىرەر زۆرۈر ئىشقا تۇتۇش قىلسام، باشقا ھەرقانداق ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىمەن.

— بۇ...... بۇ...... — قىز دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— قانداق، مەن چاتاق ئادەممىكەنمەن؟ قورقتىڭىز - ھە؟!

قىز بىر چۆچۈدى، ئەمما ۋاڭ يەنلىننىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي پەزىلىتىنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ «ۋاڭ يەنلىن مەندىن ئىمتىھان ئېلىۋاتىدۇ ياكى مېنى سىناۋاتىدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى - دە:

— ئۈنتۈپ كەتسىڭىز كەتمەمسىز؟ مېنىلا ئۈنتۈپ قالمىسىڭىز مەيلى، — دېدى قىزىقچىلىق قىلىپ.

ۋاڭ يەنلىن دەرۋەقە ئەنە شۇنداق ئادەم. زۆرۈر بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، باشقا ھەرقانداق ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن قېتىم ئىسپاتلىدى.

2004 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۈگەن يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى كەنت كادىرلىرى ۋە بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى كۇچادىكى ياڭاق ئۆلاش نەق مەيدان يىغىنىغا بېرىشقا تەشكىللىدى.



بۇ ئىش دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت ئىدى. چۈنكى، دېھقانلاردا ئەنئەنىۋى قاراش ئومۇملىشىپ

كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ تىپىك ئىپادىسىنىڭ بىرى دېھقانلاردى-
كى «ياڭاقنى ئۇلغىلى بولمايدۇ» دېگەن قاراش ئىدى. شۇ سە-
ۋەبتىن ياڭاق سورتىنىڭ سۈپىتى ناچار، ئىقتىسادىي قىممىتى
بەك تۆۋەن بولۇۋاتاتتى. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ياڭاقنىڭ شاخ-
لىرى باراقسان بولغىنى بىلەن، ھوسۇلى تۆۋەن ئىدى. بۇ دېھقان-
لارنىڭ كىرىمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ ئىش
ھېسابلىناتتى. ياڭاق ئۇلاپ، ياڭاقنىڭ سورتىنى ياخشىلاپ،
ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش دېھقانلارنى نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا ئىدى. بۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇ-
چۇن يولنى قەدەممۇقەدەم مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. يېزىلىق
پارتكومنىڭ بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ياخشى،
تولۇق ئورۇنلاش — ئالدى بىلەن ۋاڭ يەنلىننىڭ ئۈستىگە يۈك-
لەنگەن ۋەزىپە ئىدى. ئۇ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى باشلاپ، نەق
مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئاكىسىدىن تېلېفون كېلىپ
قالدى.

— ئۈكام...... — ۋاڭ يەنلىن ئاكىسىنىڭ ئاۋازىنىڭ غاراڭ-
غۇرۇڭ چىقىۋاتقانلىقىدىن بىر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئاكا، نېمە ئىش؟ نېمە بولدى؟ دادام، ئانام تىنچلىقمۇ؟

— دادام...... دادام بالنىستتا يېتىپ قالدى.

— نېمە كېسەلكەن، تەكشۈرتتۇڭلارمۇ؟

— تەكشۈرتتۇق. ئاشقازان راكى دەيدۇ...... — ۋاڭ يەنلىن-
نىڭ قۇلاق تۈۋىدە چاقماق چېقىلغاندەك بىر سېزىم بولۇپ، كۆز
ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بو-
لۇپ قالدى. ئۇ ئىزچىل دادىسىنىڭ سالامەتلىكىنى ياخشى دەپ
قارايتتى، شۇڭلاشقىمۇ دادىسىدىن بەكلا خاتىرجەم ئىدى جاتىر-
جەم. ئەمدى بولغاندا......

— ئۇكام......ئۇكام!— ئۇنىڭ قولىدىكى تېلېفوندىن ئاكىسىنىڭ قايتا - قايتا چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇ سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولدى.

— ئاكا، دادامنى قايسى دوختۇرخانىدا تەكشۈرتتۇڭلار؟

— ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا تەكشۈرتتۇق. بىز ھازىر مۇشۇ دوختۇرخانىدا. 12 - چېسلا دادامنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى، سەن...... سەن...... شۇنىڭغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلەمسەن؟

— ماقۇل، ئامال قىلىپ باقاي، — ئۇ شۇنداق دېدى - يۇ، يەنە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ تەشكىلگە دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ئۆرۈمچىگە بېرىشقا رۇخسەت ئالسا تامامەن بولاتتى ھەم شۇنداق قىلالايتتى، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقى بۇ ۋەزىپىسىمۇ بەكلا جىددىي ھەم مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم خىزمەت ھېسابلىناتتى. بىر تەرەپتە ئېغىر كېسەل بىلەن ئېلىشىۋاتقان دادىسى، يەنە بىر تەرەپتە دېھقان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك، دېھقان كىرىمىنى كۆپەيتىدىغان يېڭى بىر تۇر. ۋاڭ يەنلىن بۇ ئىككى مەنپەئەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئىككىنچىسىنى يەنى دېھقان مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. ئۇ ياڭاق ئۆلاقچىلىقى تۈرىنى ئۆگىتىدىغان ھەم كېڭەيتىش تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان بۇ نەق مەيدان يىغىنىنى باشتىن - ئاخىر تولۇق قاتنىشىپ، نۇرغۇن ئەمەلىي بىلىملەرگە ئېرىشتى. ئۇ نەق مەيدان يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەچە، دادىسىنى ئوپېراتسىيە قىلغان ۋاقىتىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاكىسىغا كۈندە نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ، دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ تۇراتتى، ئۆزى بارالمىغىنىدىن ئەپۇ سورايتتى، كېچىلىرى قاراڭغۇ ئاسمانغا، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ دادىسىنىڭ تېزرەك ساقىيىپ قېلىشىنى تىلەيتتى. ئۇلار يەتتە

بالا بولۇپ، ئالتىسى ئوغۇل، بىرى قىز ئىدى، ۋاڭ يەنلىن بولسا
كەنجى ئوغۇل ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى بۇ كەنجى ئوغلىنى بەكمۇ ئە ـ
تىۋارلايتتى، لېكىن بۇ ئەتىۋارلانغان بالا، ئەمدىلىكتە دادىسىنى
ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئالدىدا كۈتۈۋالمىدى، دادىسىدىن ئەھۋال
سورىيالمىدى، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ، يېنىدا بىرەر
ئاخشام باقالمىدى...... ئاشۇنداق ئاچچىق بىر سېزىم ئۇنى قىيـ ـ
نىماقتا ئىدى.

ئۇ كۈچادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېزىلىق پارتكوم
يىغىنىدا كۈچادا ئېچىلغان يىغىن ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ،
دېھقانلارغا ياڭاق ئۆلاقچىلىقى ھەققىدە دەرس ئۆتتى، شۇنداقلا
بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى كۆرۈنەرلىك
يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بەزىبىر ئەمەلىي مىسال ـ
لار بىلەن شەرھلەپ ئۆتتى. يەنە بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ
ئاكىسىغا تېلېفون قىلدى.

ــ ئۇكام، دادامنىڭ ئەھۋالى يامان ئەمەس. توختا، تېلېفوﻧ ـ
نى دادامغا بېرەي، دادامنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار ئىكەن، ــ
تېلېفوندىن دادىسىنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئېيتقان، تولىمۇ زەئىپ
ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ بالام، سېنى چۈشىنىمەن...... سەن...... سەن خەلق
مەنپەئەتىنى ئويلىدىڭ، دېھقانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىـ ـ
لىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىسەن...... مەن ھازىر خېلى ياخشى بو ـ
لۇپ قالدىم، مەندىن بەك ئەنسىرەپمۇ كەتمە. لېكىن، سېنى بەك
كۆرگۈم كەلدى...... شۇنداقتىمۇ مېنى دەپ خىزمىتىڭگە تە ـ
سىر يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلما...... جىددىي ئىشلىرىڭ سەل
ئۆز يولىغا كىرگەندە ئاندىن كېلەرسەن. ئاكىلىرىڭ، ئاچاڭ يې ـ
نىمدا بولغاندىن كېيىن، سەن مېنىڭدىن ئەنسىرىمە......ــ ئۇ

دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالماي قالدى.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ جىددىي پەيتلىرى يېتىپ كەلدى، ئۇلىشىپ كېۋەز پەرۋىشى...... ئۇنىڭ كەينىدىن ئورما باشلىنىپ كەتتى. ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئىشى بىرەر قۇر بېسىقىپمۇ قالدى. ۋاڭ يەنلىن بۇ ئارىسالدى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ دادىسىنى يوقلاپ باردى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ، هويلىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان دادىسىنى كۆردى. ئۇ دەرھال دادىسىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا نەزەر سالدى. قېلىن كۆرپە ئۈستىدە ياتقان بۇ مويسىپىت دادا ياداپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ يېنىك تىترىشىگە ئەگىشىپ، ئاپپاق ساقاللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى پەتنۇستا بىر چەينەك ۋە بىر پىيالە داستىخان بىلەن يېپىقلىق تۇراتتى. هويلا جىمجىت، ئۆي ئىچىدە كىمدۇر بىرسى، شىپ - شىپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ دادىسىنى بۇ هالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۈن سېلىپ يىغلىغۇسى كەلدى، لېكىن بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازى چىقماي، كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى. بۇ دادا ئەينى چاغدا مۇشۇ مەھەللىنىڭ سەركىسى بولۇپ، مەھەللىدىكىلەر ئارىسىدا ئابرۇيى خېلى ئۈستۈن ئىدى. مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، ئۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ هەل قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا، ئۇ شۇنداق تېمەن، ئاجايىپ كەڭ قورساق، خۇش - پېئىل ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق گەپلىرى ھەممەيلەندە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇراتتى. شۇڭا، مەھەللىدىكى ھەممەيلەن بۇ كىشىنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. گەرچە ياشتا سەل چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما تېمەن، جانلىق ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭ-

دىن: «سىز قېرىمايدىغان ئادەم جۇما؟» دەپ سورىسا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي، ئىتتىكلا قېرىپ كەتسەم، يەتتە بالىنى قانداق باقمەن!» دەيتتى. مانا ئەمدى، ئاشۇنداق كۈچلۈك ۋە يوغان بىر تەننى كېسەل يەپ، بەكلا زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

ۋاڭ يەنلىن دادىسىنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئېسەدەپ يىغلايتتى. شۇ ئەسنادا ئۆيدىن ياشانغان ئانىسى چىقىپ قالدى - دە، ۋاڭ يەنلىننى كۆرۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئۇنى باغرىغا باستى.

يېنىدىكى ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان دادا ئوغلىنى كۆرۈپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يەرنى تىرەجەپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ئاڭغۇچە ۋاڭ يەنلىن ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ چىقىپ، دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئوغلىنى كۆرگەن دادا ئاجايىپ بىر كۈچىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ياتقان يېرىدىن ئولتۇرۇپ، كېچە - كۈندۈز يولىغا تەلمۈرگەن، كۆزىدىن ئۇچۇپ كېتەي دېگەن بۇ ئامراق ئوغلىنى، ئىنچىكە تاياقتەك بولۇپ قالغان بىلەكلىرى ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمىدى. ۋاڭ يەنلىن دادىسىنىڭ تىنىشلىرىدىن ئۇنىڭ بەك ئاجىزلاپ كەتكىنىنى، ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى پەملىدى. شۇ كۈنلەردە ۋاڭ يەنلىننىڭ دادىسى ئېغىزىغا سۇمۇ ئالمايۋاتاتتى، لېكىن ۋاڭ يەنلىن كېلىپ بىرنەچچە كۈندىلا ئۇ بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرالايدىغان، ھەتتا بالىلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ھاسىغا تايىنىپ ئانچە - مۇنچە ھويلا دەرۋازىسىغىچە ماڭالايدىغان بولدى. شۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە ۋاڭ يەنلىن دادىسىنىڭ يېنىدىن نېرى بولماي، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

كۈنلەر تولىمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇ تىل بىلەن

تەسۋىرلىگۈسىز دىل ئاغرىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، دادىسىدىن ئامالسىز يەنە ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئۇ خىزمەت قىلىدىغان ئۆگەن يېزىسىدا نۇرغۇن ئىشلار ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ دادىسىغا بىر ھەپتە ھەمراھ بولغاندىن كېيىن خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنى ئىشىك ئالدىغا قەدەر ئۇزىتىپ چىققان بىر مويسىپىتنىڭ سىيماسى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

ۋاڭ يەنلىن دادىسىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاكىسىدىن تېلېفون كەلدى.

— ئۇكام، تېزرەك كەلسەڭ!

ئۇ ئاكىسىنىڭ ئاۋازىدىن ھەممىنى چۈشەندى - دە، رەھبەرلىكتىن رۇخسەت ئېلىپ دەرھال يۈرۈپ كەتتى. ئەل - جامائەت بۇ مويسىپىتنىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئوغلىنى كۆرۈۋالسۇن دەپ مېيىتنىڭ يۈزىنى ئوچۇق قويغاندى. ۋاڭ يەنلىن دادىسىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە يېرىم ئېچىقلىق ئىدى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن دادىسىنىڭ يۈزىنى سىلىغاندا، ئاندىن ئۇ كۆزلەر مەڭگۈلۈك يۇمۇلدى. ۋاڭ يەنلىن قان - ياش تۆكۈپ، دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىرەر قۇر تۈگەتتى. لېكىن، ئۇ ئانىسىدىن ئەنسىرەپ قالدى. 60 نەچچە يىل بىر ئۆيدە ياشىغان قەدىناسىنىڭ كېتىپ قالغانلىقى، مومايغا ئېغىر زەربە بولغانىدى. ئۇ كەچلىرى ۋاڭ يەنلىننى «يېنىمدا يېقىن يات!» دەپ تۇرۇۋالاتتى، ھەتتا ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇخلايتتى. چوڭلار ۋاڭ يەنلىننى باشقا ئۆيدە ئۇخلىسۇن دېسىمۇ ئۇنىمايتتى. ۋاڭ يەنلىننىڭ دادىسىنى ئۇزىتىپ بولۇپ، 3 - كۈنى ئانىسى گەپ ئارىلىقىدا ۋاڭ يەنلىنگە: «مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپ كەت!» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ

بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ۋاڭ
يەنلىن ئانىسىنىڭ ئېغىر تىنىشلىرىغا، كېچىلىرى دىمىنىڭ
سىقىلىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمايۋاتقىنىغا، تۇرۇپ - تۇرۇپ چۆ-
چۈپ كېتىشلىرىگە قاراپ، ئەھۋالنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكى-
نى پەملىدى. ئۇ تولىمۇ ئەنسىرەپ قالغانىدى، شۇڭا بۇ ئەھۋالنى
ئاكىلىرىغا ئېيتتى. يەتتە بالا مەسلىھەتلىشىپ مومايىنى دوخ-
تۇرخانىغا ئاپارماقچى بولۇشتى. لېكىن موماي: «يەنە بىرقانچە
كۈن ئۆتسۇن، ئاندىن بارايلى» دەپ ئۇنىمىدى. ۋاڭ يەنلىنىنىڭ دا-
دىسىنىڭ مېيىتى ئۆيدىن چىقىپ تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى. 5-
كۈنى كەچتە، ئەسلىدىكى كەم سۆز موماي تۇرۇپلا تولىمۇ سۆز-
مەن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئوغۇل - قىزلىرى، كۈيئوغۇل، كېلىن-
لىرى، ھەتتا نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا نۇر-
غۇن ئىشلارنى تاپىلاشقا ئۈلگۈردى. بالىلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ
ھەيران بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەھلىمەھەللىدە نۇرغۇن ئىش-
لارغا ئارىلىشىپ، ھەممە ئىشنى ۋاقتى - ۋاقتىدا، جايى - جايى-
دا قىلىپ كېتىۋاتقان ئانىسىدىن يەنىلا ئارتۇق گۇمانلانمىدى.
ۋاڭ يەنلىنىنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەن بولسىمۇ، شۇم ئې-
غىزلىق قىلىپ باشقىلارغا بىر نەرسە دېيىشنى خالىمىدى. لې-
كىن، نېمىشقىدۇر كۆڭلى دەككە - دۈككىدە ئىدى. بۇ كۈنى
ئاخشىمى، ھەممە بالىلار مومايىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىپ، ئۇ-
نى - بۇنى دېيىشىپ خېلى ئۇزاققىچە ئولتۇردى. نەۋرىلەر ئال-
لىقاچان ئۇيان - بۇيان يېتىپ، ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. بىر چاغ-
لاردا موماي ھەممىسىنى «ئۆيۈڭگە چىقىپ يات» دەپ چىقىرىۋې-
تىپ، ۋاڭ يەنلىن بىلەن يالغۇز قالدى.
— بالام...... — دېدى ئۇ قالغانلار ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن-
دىن كېيىن، - بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، دەيمۇ؟

— دېگىن ئانا، قانداق ئۆتۈنۈش ئىدى؟

— بالام، خىزمىتىڭنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ كەلسەڭ!

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ئانا؟ — سورىدى ۋاڭ يەنلىن.

— چۈنكى...... چۈنكى...... - موماي بىرھازا تۇرۇۋېتىپ، پەس ئاۋازدا گېپىنى داۋام قىلدى، — سەكراتىمدا سېنىڭ يېنىمدا بولۇشۇڭنى بەك ئارزۇلايمەن، بالام......

ۋاڭ يەنلىننىڭ يۈرىكى سېلىپ، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى.

— ئانا، ئۇنداق كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدىغان گەپلەرنى قىلمىساڭ! سالامەتلىكىڭ ياخشى، ئۆزۈڭ بىر ئوبدان تۇرمامسەن، مانا!

— بالام، مېنىڭ ساناقلىقلا كۈنۈم قالدى. ئاتاڭمۇ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا توختىماي يەتتىڭلىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ يوقلىما قىلغان. شۇ چاغدا بىر سەنلا يوق، شۇڭا ساڭا بەك تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنداق كۈن مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىپ قالمىسۇن دەيمەن!

ۋاڭ يەنلىن ئانىسىنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ماقۇل ئانا، گېپىڭنى ئاڭلايمەن، — مومايىنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى. سۇس چىراغ يورۇقىدا، مومايىنىڭ يۈزى شۇنداق پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ كېيىملىرىنى سېلىپ ئورنىغا كىرىپ ياتتى - دە، دەرھال ئۇيقۇغا كەتتى. ۋاڭ يەنلىنمۇ ئانىسىنىڭ خورىكىنى تىڭشاپ خىيال سۈرۈپ ياتقانىدى...... «ئانام خىزمىتىڭنى يۆتكەپ كەل دەيدۇ. بۇ ئاسانلا ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس. لېكىن، ئانامنىڭ ئارزۇسى شۇكەن. دەرۋەقە، دادامنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا يېنىدا بولالمى-

دىم، ئەمدى ئانامنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويسام قانداق بولىدۇ؟ لېكىن، ئۆگەن يېزىسىدا مېنىڭ مەسئۇللۇقىمدىكى نۇرغۇن ئىشلار ماڭا قاراشلىق تۇرۇۋاتىدۇ. قايتىپ بارغاندىن كېيىن، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئەمىن ئۆي راسخودىغا ئىلتىماس سۇنىدىغان گەپ تېخى. بۇلتۇر مەن مەسئۇل بولغان پىلان ئاران - ئاران ئورۇنلاندى، بۇ يىلمۇ ئۇنداق بولۇپ قالسا، يېزىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا تەسىر يېتىدۇ...... بۇ يىلقى سېلىنىدىغان ئەمىن ئۆي بۇلتۇرقىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق. بۇنىڭغا كېتىدىغان بىر قىسىم مەبلەغنى يېزا ئۆزى چىقىرىپ بولالمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟......» ئۇ مۇشۇ خىياللار بىلەن قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۇقماي قالدى. ئۇ چۈشىدە ئۆزىنى كەڭ كەتكەن سايلىقتا كۆردى. ئۇ غۇۋا يورۇقتا ئاشۇ سايلىقتا تەمتىرەپ يۈرگۈدەك. يىراقتا ئانىسىغا ئوخشايدىغان بىرسى ئالدى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن پېتى «ئانا!......» دەپ توۋلاۋاتقۇدەك.

«ئانا!......» ئۇ ئۆزىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆزىنى ئاچتى، دېرىزىدىن ئوبدانلا يورۇق چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتچە ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمنى كىيىشكە تۇتۇندى.

— ۋوي، ئانامۇ ئۇخلاۋاتىدىغۇ؟ — ۋاڭ يەنلىن يېنىدا ياتقان ئانىسىنىڭ شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئويغىتىپ قويماقچى بولۇپ ئاستا مىدىرلاتتى.

— ئانا، ئانا!......— ۋاڭ يەنلىن ئانىسىنىڭ جىمجىت ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ كۈچەپ چاقىردى. لېكىن، مومايدىن ئىنكاس يوق ئىدى. ۋاڭ يەنلىننىڭ يۈرىكى «قارت» قىل-

دى ـ دە، دەرھال ئانىسىنىڭ يۈزىنى تۇتتى. ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن تەن، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە شۇنداق خاتىرجەم كۈلۈپ ياتاتتى. ۋاڭ يەنلىنگە ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك، چاقماق چېقىلغاندەك، پۈتۈن جاھان پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ نالە قىلاتتى، ئۆزىنىڭ چېچىنى قاماللايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەھلىمەھەللە بۇلارنىڭ ئۆيىگە يەنە يىغىلدى. يەتتە بالا ھازا ئېچىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ۋاڭ يەنلىننىڭ دادىسى تۇگەپ كېتىپ 5 ـ كۈنى بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئانىسىنىڭ مېيىتىمۇ ئۇزاپ چىقتى. ئانىسىنى يەرلىككە قويغان كۈنى كەچتە، ۋاڭ يەنلىننىڭ 2ئىككىنچى ئاكىسى ئۇنى ئايرىم چاقىردى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ ۋاڭ يەنلىنگە. ئۇ ئادەتتە مۇھىم گەپ بولمىسا ۋاڭ يەنلىن بىلەن بەك مۇڭدىشىپ كەتمەيتتى، — ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئايرىلدۇق. يەتتە بالىنىڭ ئىچىدە سەن چوڭ مەكتەپتە ئوقۇپ، چوڭ كادىر بولدۇڭ. بالىلىرىمىزمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ، بىز ساڭا ئوخشاش بىر تايانچقا بەك موھتاج. دادام سەكراتقا چۈشكەندە ئىسمىڭنى چاقىرىپ، كۆزى ئوچۇق كەتكەن. بىزنىڭ يېشىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۆزىمىزنىڭ ۋە بالىلىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىدا سەن بىزگە يۆلەنچۈك بولۇپ، يېنىمىزدا تۇرمىساڭ بولمايدۇ. مېنىڭ ناھىيەدە بىر تونۇشۇم بار ئىدى، شۇنىڭدىن يۆتكىلىش ئىشىڭ توغرىسىدا مەسلىھەت سورىۋىدىم، ئۇ كىشى سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئۇقۇپ، يۆتكىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بولسا مۇشۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلسەڭ، بىزمۇ خاتىرجەم بولاتتۇق. تەلىپىمگە ياق دېمىگىن! بىز ئالتە بالا مۇشۇنى مەسلىھەتلىشىپ يىرگىلى ئۇزاق

بولغان. لېكىن ئاتام - ئانامنىڭ ئۇ - بۇ ئىشلىرى بىلەن ساڭا دېگۈدەك پۇرسەتمۇ بولمىغانىدى. بولسا بىر ئويلىنىپ كۆرسەڭ!

ۋاڭ يەنلىن گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ يەنە نېمە دېيەلەيدۇ؟ ياق دېسە تۇغقانلىرىنىڭ دىلى رەنجىيدۇ، ماقۇل دېسە ئۇنىڭغا نۇرغۇن جەريان كېرەك. ۋاڭ يەنلىننىڭ ئىككىنچى ئاكىسى قالغان بىر تۇغقانلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنمۇ، ئۇلار كۆرگەنلا كىشىگە ۋاڭ يەنلىننى يېقىندا يۆتكىلىپ كەلمەكچى دەپ، ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ كېتىشتى.

ۋاڭ يەنلىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەلكىسىگە يۈك قىلىپ ئارتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇ تېكەستىن كەلگەندىن كېيىن، يىل ئاخىرىدىكى ئالدىراش خىزمەتلەر ئۇنى يەنە ئوراپلىۋالدى. ئۇ يەنە شۇ دېھقان غېمى يۈكلەنگەن خىزمەتلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، كونا يىلنىمۇ ئۇزىتىپ قويدى. 2005 - يىلى كىردى. ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئاكىلىرى بىر قانچە قېتىم تېلېفون قىلىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ ئېنىق جاۋاب بەرگىنىنى ئېيتىشتى.

لېكىن، ۋاڭ يەنلىن خۇشال بولالمىدى. قىسقىسى، ئۇ بۇ سېھىرلىك يۇرتتىن، بۇ يۇرتتىكى ئاشۇنداق تۇغقانلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى. ئارىدىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتتى، ئۇنىڭ ئاكا - ئاچىلىرى تولا سۆيلەپ ھاردى. ئاخىرى، ئۇلار ئىنىسىنىڭ قەلبىنى چۈشەندىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئاغرىندىمۇ ئىشقىلىپ سۆيلىمەس بولدى. كۈنلەر ئۆتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھېس - تۇيغۇسىنى چەمبەرلىۋالغان دېھقان مەنپەئەتى، ئۇنى بۇ يۇرتقا تېخىمۇ چىڭ باغلاپ، ئۇنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئەقىدە ئاتالماققا تولىمۇ بىر ئاددىي كەلىمە، لېكىن ئۇ كى-

شىلىك تۇرمۇشىنىڭ تۈرلۈك ھالقىلىرىغا تەتبىقلاشقا بولىدى-
غان ھەم ئادەملەرنىڭ ئادىمىيلىك مىزانىنى ئۆلچەيدىغان مۇ-






رەككەپ بىر ھېسسىي چۈشەنچە. ۋاڭ يەنلىنىڭ دېھقانغىلا ئا-
تالغان ئەقىدىسى، ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى
بىلەن ئاجىزلىشىپ ياكى ئۆزگىرىپ قالمىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى
ۋەزىپىسى توقسۇ ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي
كاپالەت ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ۋە ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئىزچىل دېھقانلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش،
داۋالىنىش، پاراۋانلىق، تەمىنات ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىش-
لەپ كەلدى. ۋاڭ يەنلىن بىر تەرەپتىن پارتىيەنىڭ دېھقانلارنىڭ
ئىگىلىك تىكلىشىگە ھەقىقىي نەپ بېرەلەيدىغان تۈرلۈك يار-
دەم سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تولۇق كاپالەتلىك
قىلىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر
بىلەن ئەمگەكچىلەرنى تېخنىكا كەسىپ بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇ-

لارنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇقىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش ئىشلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن چىقارغان تۈرلۈك سىياسەت، ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە نازارەتچىلىك قىلىپ، شۇ سىياسەت - بەلگىلىمىلەرنىڭ تولۇق ئىجرا بولۇشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ھەر يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ تۈرلۈك كەسىپ، تېخنىكا بويىچە تەربىيەلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە ئىگىلىك تىكلىشىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى.

ئۇ تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە خىلمۇخىل ۋىۋىسكىلارنى ئېسىپ مەشغۇلات قىلىۋاتقان دېھقان بالىلىرىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ۋاڭ يەنلىن خىزمەت جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ھەرقانداق ئىش ھالقىلىرىنى دېھقان مەنپەئەتى بىلەن باغلاشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى تاللىنىشىغا يۈز كەلگۈدەك ئىشلىدى.

ۋاڭ يەنلىن ھازىرغىچە بولغان 16 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىدا، ئۆز نەتىجىلىرىگە قانائەت قىلىپ باقمىدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن داۋاملىق ئىشلەشنى، دېھقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلاپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردىكى ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل دېھقان قېرىنداشلىرىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئاشۇ دېھقان قېرىنداشلىرىمۇ ۋاڭ يەنلىننى شۇنداق چوڭ بىلىدۇ.

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ مۇنبەت ئېتىزلىرىدا، مەھەللىلەردە، دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدا، ھەتتا كوچىلاردىمۇ ۋاڭ يەنلىن

بىلەن ئاشۇ مېھنەتكەش دېھقانلارنىڭ تەڭ باسقان قەدەم ئىزلىرى بار، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئىستىگەن ئالىيجاناب قەلبى بۇ يۇرتنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، يېڭى بىر تەرەققىيات مەنزىلىگە باشلاپ ماڭماقتا.

دېھقان تىلىكى ئاجايىپ ئۇلۇغ ھېكمەت، ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئادەملەرلا ئۇ ھېكمەت سىرىدىن بەھر ئالالايدۇ. ۋاڭ يەنلىن توختاۋسىز تىرىشىش، تۆھپە قوشۇش نەتىجىسىدە، 2008 ـ ، 2009 ـ يىللىرى توقسۇ ناھىيەسى بويىچە «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، 2008 ـ يىلى «ئىلغار ئىشچىلار ئۇيۇشما خىزمەتچىسى»، 2006 ـ يىلى «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، 2006 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە «5 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس»، 2010 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ياش ـ ئۆسمۈرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تۆھپىكار»، 2010 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە «6 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس»، 2015 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «7ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە شەخس» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

# خاتىمە

ۋاڭ يەنلىنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە دەيدىغى-نىم، بىرى ئىپادىلەش قۇۋۋىتىمنىڭ چەكلىكلىكى ۋە سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى، لېكىن بۇ پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئەل ئۈچۈن ماڭغان قەدەملىرى ئاياغلاشمىدى. ئۇ-لار ھېلىھەم مۇشۇ زېمىندا، ئەلنىڭ ئارىسىدا. ئۇلار ھەر ۋاقىت ئەلنىڭ غېمى، ئەلنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدەن-مەكتە، ئاشۇ ئىزدىنىشتىن يېڭى ھالقىشنىڭ پەللىسىگە دادىل قەدەم تاشلىماقتا.

ئەسەردىكى باش قەھرىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاددىي ئىش - ھە-رىكەتلىرى ئالەمنى لەرزىگە سالغۇدەك، ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ باسقان قەدەملىرىدىن ھەقىقىي ئادىمىيلىك خىسلىتى چاقناپ تۇرىدۇ. «تۇغۇلۇش بىر گەپ، ئا-دەم بولماق تەس» دەپتىكەن كونىلار. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندى-مۇ، «ئادەم» دېگەن مۇشۇ ئۇقۇمغىمۇ ئادىمىيلىكنىڭ سېھرى كۈچى سىڭگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۇ زېمىن ئاشۇنداق ھەقىقىي، ئادىمىي-لىك خىسلىتى بىلەن ئەل قەلبىنى ياشنىتىۋاتقان چىن ئوغ-لانلىرى بولغاچقىلا گۈزەلدۇر.

ھەيۋەتلىك چۆلتاغ، ئۆگەن دەرياسى قوينىدىكى چىن، ئادى-مىيلىك خىسلىتى بىلەن بۇ زېمىننى ياشنىتىۋاتقان ئاشۇ پە-زىلەت ئىگىلىرىدىن پەخىرلەنگۈسى!